# ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش

# SEEK TRUTH FROM FACTS

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز




ISSN 1002-9249

10>

9 771002 924007

1999·5

# ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش

ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىنىدۇ

(ئومۇمىي 129- سان) 1999- يىل 10- ئاينىڭ 25- كۈنى نەشردىن چىقتى

1999- يىل 5- سان

باش مۇھەررىر: توختى روزى مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئابدۇكېرىم مامۇت


## مۇندەرىجە


* ئوبزور *

شۇ قەدەر ئۇزۇن، بۇ نازاكەتلىك ئەزىز دەرياپۇ - تاغ ........................ ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى (1)

* ئۆگىنىش مۇنبىرى *

پارتىيە 15- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى»دىكى نەزەرىيە ۋە فائىجىن، سىياسەت جەھەتتىكى تەرەققىيات ۋە يېڭىلىقلار ........................ يې زى، ۋۇ شىن (6)

* پەلسەپە تەتقىقاتى *

ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنىڭ ئىلمىي ئاساسى توغرىسىدا........................ جاۋ گۇاڭۇۋ (10)

نۆۋەتتە جۇڭگودىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ھەققىدە مۇلاھىزە ........................ ئىمىن قارى قەييۇم (15)

* ئىقتىساد مۇنبىرى *

سوتسىيالىستىك ئىگىلىك بىلەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئۇقۇم ........................ لېتىپ نىياز (20)

يېزا بازارلىرىنى ئېچىش - ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە ........................ يۈسۈپ ھامۇت (24)

ئامېرىكا بازار ئىگىلىكى ئەندىزىسىنىڭ ئېلىمىز ئىگىلىكىگە بولغان ئۈرنەكلىك رولى ...... ھۆرنىسا ئىبراھىم (29)

شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىسى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى ........................ رازىيە مۇھەممەت (35)

CS ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئېلىمىز ھازىرقى زامان كارخانىلىرىنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ جىددىي تەلىپى ........................ يۈسۈپجان ھەمدۇل (40)

يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك ........................ ئابلىمىت قادىر (45)

ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىنىڭ ئاچقۇچى - يېڭىلىق يارىتىشتا ........................ ئادىل نۇر (50)

بازار ئىگىلىكى - جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسى ........................ ئۆمەر تالىپ (53)

* ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات *

شانلىق مۇساپە، زور تەرەققىيات........................ ھەبىبە يارى (57)

* دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى تەتقىقاتى *

دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئىسلاھات جۇڭگودىكى 2- قېتىملىق ئىنقىلاب» دېگەن ئىدىيىسى توغرىسىدا ........................ خېلىل ئەلى (64)

* پارتىيە قۇرۇلۇشى *

پارتىيىنىڭ كادىرلار لۇشيەنىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، مۇنەۋۋەر كادىرلار قوشۇنى بەرپا قىلايلى ........................ ياسىن ھاشىم (68)

* مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا *

كۇتۇپخانا خادىملىرىنى كەسپىي جەھەتتىن داۋاملىق تەربىيىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ...... نۇرجاۋار (72)

كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ........... سەۋلەش تۇسۇپباي (76)

* مىللەت، دىن مەسىلىسى تەتقىقاتى *

دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى قەتئىي چەكلەش لازىم ........................ رەخىمجان بارات (78)



«ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» ژۇرنىلى تەھرىراتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي ئارقا كوچا 22- قورۇ

تېلېفون نومۇرى: 2622948 ئارقىلىق 2056

پوچتا نومۇرى: 830002

«ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» ژۇرنىلى تەھرىراتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

# ئەزىزدەر ئۈچۈن، بىز ئازادلىقنىڭ ئۈزۈن دەريانى - تاغ

## ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

يېڭى ئەسىرنىڭ تاڭ شەپىقى كۆرۈندى - كۆڭلە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان پەيتلەردە، بىز تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىمىز بىلەن سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق كاتتا مەرىكىسىنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇرماقتىمىز. بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خۇددى سەھەر قۇياشىدەك، ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرىنى زېمىنگە سېپىپ، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا جاھانگىرلارنىڭ 100 نەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە سالغان كۈلپەتلىرى ۋە ئار - نومۇسلىرىنى يۇيۇپ چىقاردى. شۇندىن ئېتىبارەن جۇڭگو خەلقى يېپيېڭى قىياپەت بىلەن دۇنيانىڭ شەرقىدە قەددىنى رۇسلاپ مەغرۇر تۇرۇشقا باشلىدى.

1900- يىلى سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلدى. جۇڭخۇا زېمىنى جاھانگىرلار تەرىپىدىن بۆلۈپ تاشلىنىشتەك خەتەرلىك ئەھۋالدا قالدى. 20- ئەسىردىكى جۇڭگو 1949- يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى بەلگە قىلغان ھالدا، ئەگرى - توقايلىق ئىچىدە پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىككى 50 يىلغا بۆلۈندى. ئالدىنقى 50 يىل جۇڭگو خەلقى ۋەتەننى مىللىي كرىزىستىن قۇتقۇزۇپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئازادلىققا ئېرىشىش يولىدا تىرىشقان 50 يىل بولدى؛ كېيىنكى 50 يىل بولسا جۇڭگو خەلقى جاپا - مۇشەققەتلىك ئىزدىنىش داۋامىدا، دۆلەتنى قۇرۇپ ۋە قۇدرەت تاپقۇزۇپ، خەلقنىڭ باياشات تۇرمۇشى ۋە گۈللىنىشىنى قولغا كەلتۈرگەن 50 يىل بولدى. مۇشۇ ئىككى 50 يىل جەريانىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشى، شۈبھىسىزكى، جۇڭگونى يورۇقلۇققا يېتەكلەيدىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئىش بولدى. 1911- يىلى، سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى شىنخەي ئىنقىلابى چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولسىمۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ زۇلمىدىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. جۇڭگو خەلقـى پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، كېيىنكىلەر ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئاندىن جۇڭگو خەلقىنىڭ شىللىسىدىكى ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭگو تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى. دېڭ شياۋپىڭ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى ئورنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنلا زور دەرىجىدە ئۆستى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىلا ئاھالىسى دۇنيا ئاھالىسىنىڭ ئاز كەم تۆتتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان چوڭ دۆلىتىمىزنى دۇنيادا ئورنىدىن دەس تۇرۇش، تۇرغاندىمۇ مەزمۇت دەسسەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 2- توم، 648- بەت).

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز ئەگرى - توقاي ھەم شانلىق مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو

خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئارقىدا قالغان، خەلق تۇرمۇشى خارابلاشقان، ھەممە يېرى جارابىلىككە ئايلانغان، ھەممە ئىشنى قايتىدىن قىلىشقا توغرا كېلىدىغان بىر ئەلدە ئارقا-ئارقىدىن مۆجىزە يارىتىپ، جۇڭگونى دەسلەپكى قەدەمدە گۈللەپ روناق تاپقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارىخىدا مىسلىسىز سەلتەنەتلىك سەھىپە ياراتتى. پارتىيىمىز يولدىن ئازماي، بېسىمدىن قورقماي، جاھانگىر دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قامال قىلىشى، ئىغۋاگەرچىلىكى، ئارىلىششىنى ۋە سىڭىپ كىرىشىنى ئارقا-ئارقىدىن تارمار قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مىللەتنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغدىدى. پارتىيىمىز جاپادىن، قىيىنچىلىقتىن قورقماي، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىقلارنى ئارقا-ئارقىدىن يېڭىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككۈدەك غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، پارتىيىمىز ھەم تاشقى قىيىنچىلىق ۋە خىرىسنى يېڭىپ، ھەم ئۆزىدىكى خاتالىقلارنى ئاڭلىق تۈزىتىشكە جۈرئەت قىلىپ ۋە ماھىر بولۇپ، مۇشەققەتلىك ئىزدىنىش داۋامىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ توغرا يولىنى تاپتى. 50 يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت بۇ يولنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەپ قۇدرەت تېپىشقا باشلايدىغان پارلاق يول ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

ئىنسانىيەتنىڭ تارىخ مۇساپىسىدا، 50 يىل شۇنچە قىسقا ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ، لېكىن يېڭى جۇڭگو بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىدىن ھەر بىر جۇڭگولۇق پەخىرلىنىدۇ ۋە شادلىنىدۇ. 50 يىلدىن بۇيان، جۇڭخۇا زېمىنىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتتى، جۇڭگو خەلقى ئىقتىسادىي جەھەتتە خەلقى ئالەمنى ھەيران قالدۇرغىدەك مۆجىزىلەرنى ياراتتى. دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئەڭ يېڭى ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، دۆلەتنىڭ نامراتلىق، قالاقلىق، ئاجىزلىق ھالىتى ئۈزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىلىپ، ئىقتىساد تېز يۈكسىلىپ، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى زور دەرىجىدە ئاشقان، 1952-يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاران 67 مىليارد 900 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998-يىلىغا كەلگەندە 7 تىرىليون 955 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتكەن، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، يىلىغا 7.7 پىرسەنتتىن ئېشىپ، دۇنيانىڭ شۇ مەزگىلدىكى ئۈچ پىرسەنتلىك ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىدىن زور دەرىجىدە يۇقىرى بولغان. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارى دۇنيا بويىچە 7-ئورۇنغا ئۆتكەن، بىرمۇنچە مۇھىم سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، مەسىلەن، ئاشلىق، گۆش، پاختا، خاسىڭ، قىچا، مېۋە-چېۋە، پولات، كۆمۈر، سېمونت، خىمىيىۋى ئوغۇت، تېلېۋىزور قاتارلىقلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتكەن. پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلغان بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدا بىزنىڭ ھازىرقى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىرەر يۈز يىل، ھەتتا نەچچە يۈز يىل ماڭغان مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. غەرب ئەللىرىدىكى بەزى ئالىملارمۇ جۇڭگونىڭ ھازىرقى دۇنيادا ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان گىگانتقا ئايلىنىشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىلا بولۇپ قالدى، دەپ قارىماقتا.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەملىكىتىمىز شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدە نامراتلىقتىن ھاللىق تۇرمۇشقا قاراپ مېڭىشتا تارىخىي خاراكتېرلىك يۈكسىلىش ئىشقا ئاشماقتا. 1952-يىلى مەملىكىتىمىزدە ھەر بىر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ئىستېمال سەۋىيىسى ئاران 80 يۈەن ئىدى، 1998-يىلىغا كەلگەندە 2973 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئۆزى بىر غايەت

زور يۈكسىلىش ھېسابلىنىدۇ. گەرچە مەملىكىتىمىزدە يەنە 42 مىليوندىن ئارتۇق نامرات ئاھالە بولسىمۇ، بىراق زور كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ كېيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ھاللىق تۇرمۇشقا قەدەم قويدى. شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش سۈپىتىمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، كىشىلەرنىڭ ئىستېمال ئۇسۇلى، ئىستېمال قارىشى، ئىستېمال قۇرۇلمىسى ۋە ئىستېمال مۇھىتىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، ئىقتىسادىمىز ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىدا نامراتلىقتىن ھاللىق سەۋىيىگە ئۆتۈشتەك تارىخىي يۈكسىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، دۆلەت مۇداپىئەسى، تەنتەربىيە، سەھىيە، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلاردىمۇ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى. ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولماقتا، مىللەتلەر ئىتتىپاق ۋە ئىناق ئۆتمەكتە، 1997- يىلى شاڭگاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق. ئاۋمىنىمۇ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى ۋە تەسىرى كۈندىن ـ كۈنگە كۆچەيمەكتە، خەلقئارا تەسىرى كۈندىن ـ كۈنگە كېڭەيمەكتە.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيلىك تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بىز ئىنسانىيەت ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان، دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان پارلاق مەدەنىيلىك ياراتقان ئەل سانىلىمىز. ھالبۇكى، يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، جۇڭخۇا مىللەتلىرى سەپتىن چۈشۈپ قېلىپ، ئەل خانىۋەيران بولغان، باشقىلار خالىغانچە بۆلۈۋالىدىغان ئەھۋالدا قالدى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سانسىزلىغان شىجائەتلىك، ۋاپادار پەرزەنتلىرى كۆرمىگەن مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ئەلنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا ئىزدىنىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى قايتىدىن روناق تاپقۇزۇش ئۈمىدىدە بولدى. لېكىن بۇ ئارزۇ پەقەت يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنلا ئاندىن تەدرىجىي ھالدا جانلىق رېئاللىققا ئايلاندى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيانقى دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە بېيىتىش يولىدىكى پارلاق ئەمەلىيەت ئارقىلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى قايتىدىن روناق تاپقۇزۇشنىڭ توپ تەجرىبىلىرىنى توپلىدۇق.

بىرىنچى، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قايتىدىن روناق تېپىشىدىكى شانلىق بايراق بولدى. ماۋزېدۇڭ: «ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى بىزگە ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ئېلىپ كەلدى» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى قىلغانىدى. ئۇزاق مەدەنىيلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە جۇڭگو خەلقى ماركسىزمدىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي ئىدىيىۋى قورالنى تاپتى ۋە ئۇنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈردى، شۇندىن باشلاپ جۇڭگونىڭ قىياپىتىدە توپ ئۆزگىرىش بولدى. زامانىمىزدىكى جۇڭگودا ماركسىزمنى تەتبىقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئىككى قېتىملىق تارىخىي سەكرەش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى ئۇلۇغ نەزەرىيە شەكىللىنىپ بىزنى پارلاق بايراققا ئىگە قىلدى. بۇ ئىككى شانلىق بايراقنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىمىز جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلابنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى ئاچتى.

ئەمەلىيەت شۇنى تەكرار ئىسپاتلىدىكى، ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ـ جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭى دەۋردە مىللەتنى قايتىدىن روناق تاپقۇزۇپ، سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان توپ يېتەكچى ئىدىيە. ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ

داۋامى ۋە راۋاجى بولغان دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ـ جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئۇلۇغ بايراق. جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئېگىزدە تۇرۇپ، يىراققا نەزەر سېلىپ، ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەپ، ئەسىر ھالقىيدىغان يېڭى تارىخىي دەۋردە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21- ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. دېمەك، بىز مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئىچكى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتتە «يۆلەنچۈك» كە، مەنىۋى تۈۋرۈككە ئىگە بولدۇق. بىز مۇشۇ بايراقنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى قايتىدىن روناق تاپقۇزۇش ئۇلۇغ ئىشنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

ئىككىنچى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش ـ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى قايتىدىن روناق تاپقۇزۇشنىڭ توپ يولى. 50 يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى تەكرار ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ، روناق تاپقۇزالايدۇ، قۇدرەت تاپقۇزالايدۇ. سوتسىيالىزم تۈزۈمى بىز ئۈچۈن باياشاتلىققا قاراپ مېڭىشنىڭ يولىنى ئېچىپ بەردى. لېكىن، سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلالايدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرالايدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە قاتارلىق كونكرېت تۈزۈملەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورناتقاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى، سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي تۈزۈمىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىگىلى ۋە مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدۇ. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنى ئېلىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرىنى ئېچىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ئىنقىلابىنى باشلاپ بەردى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدىكى سوتسىيالىزم ئاساسىي تۈزۈمىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئىسلاھات ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت بولدى. سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئازاد قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ ۋە كۈچەيتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش ئۈچۈن، بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت كۈرەش نىشانىنى تەدرىجىي بېكىتتۇق. شۇنداق قىلىپ بىز تۈزۈلمە كاتېگورىيىسىدىكى كونكرېت تۈزۈم بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي تۈزۈمىنى بىر تاياقتا ھەيدەشتەك قاتمال قاراشنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئۆزگەرتىپ، ئۇزاقتىچە يۈكسەك مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويۇشنىڭ نۇقسانلىرىنى تۈگىتىپ، سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك، دېگەن بۇ توپ مەسىلىنى تونۇش جەھەتتە غايەت زور سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇردۇق.

ھازىرقى جۇڭگودىكى ئىسلاھات ـ پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلغان، سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، باي - قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش يولىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلابتۇر. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى داۋامىدا جۇشقۇنلۇققا، ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ـ يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن جۇڭگونى دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە يېتىشىۋېلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش ئۈلىغا ئىگە قىلىش يولىدىكى تەدبىر

ھېسابلىنىدۇ. بىز ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەندە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدىغان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا باسىدىغان بولساقلا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارزۇسىنى جەزمەن رېئاللىققا ئايلاندۇرالايمىز.

ئۈچىنچى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى قايتىدىن روناق تاپقۇزۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. جۇڭگو كومپارتىيىسى — پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى، جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتىكى تۈۋرۈكى. بۇنى پارتىيىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن، بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشلەرنىڭ سىنىقى جەريانىدا شەكىللەنگەن. جۇڭگودا ئەزەلدىن ھېچقانداق بىر سىياسىي تەشكىلات پارتىيىمىزگە ئوخشاش مىللەتنىڭ شۇنچە كۆپ سەركىلىرىنى ئەتراپىغا توپلاپ، ئادىمىزات دۇنياسىدا شۇنچە كۆپ مۆجىزە يارىتالىغان ئەمەس. جۇڭگو كومپارتىيىسى ئاز كەم 80 يىللىق كۈرەش مۇساپىسىدە، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەڭ زور مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئازادلىقى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن غايەت زور قۇربانلارنى بېرىپ، مىسلىسىز ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى ياراتتى. يېڭى تارىخىي دەۋردە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك روناق تاپقۇزىمىز دەيدىكەنمىز، جەزمەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم، بۇ — تارىخ پارتىيىمىزگە يۈكلىگەن مۇقەددەس مەسئۇلىيەت. بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئورۇندايمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇشىمىز، پارتىيىمىزنى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان، جان - دىل بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان، سىياسىي، تەشكىلىي جەھەتتە پۈتۈنلەي مۇستەھكەملەنگەن، تۈرلۈك خەۋپ-خەتەرلەرنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، باشتىن - ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان پارتىيىگە، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسىغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، بولۇپمۇ پارتىيىنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقى ۋە پاكلىقىنى ساقلاپ، پارتىيىنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئۈستۈرۈش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسىنى كوممۇنىزم ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىدە ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

يېڭى جۇڭگو 50 يىللىق شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. يېڭى ئەسىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا، بىز ئىستىقبالىمىزنىڭ پارلاق، ۋەزىپىمىزنىڭ ئېغىر، يولىمىزنىڭ يىراق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىز، كۈرەش نىشانىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز دەيدىكەنمىز، 50 يىلدىن بۇيانقى ئىجابىي، سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز لازىم. شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئالدىمىزدىكى يول تەكشى ئەمەس، بىز يەنە تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان بىرمۇنچە قىيىنچىلىق ۋە رىقابەتلەرگە دۇچ كېلىمىز. لېكىن، بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، يەكدىل بولۇپ، جاپاغا (ئاخىرى 19-بەتتە)

## پارتىيە 15- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى»دىكى نەزەرىيە ۋە قاراشلار، سىياسەت جەھەتتىكى تەرەققىيات ۋە يېڭىلىقلار

**يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى قىسىم پارتىيىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قاراردا شەرھلەندى**

«قارار»دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «يېزا ئاساسىي قاتلاملىرىدا دېموكراتىيىنى كېڭەيتىش، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىنى يولغا قويۇش پارتىيىمىزنىڭ 100 مىليونلىغان دېھقانىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشى ۋە دېموكراتىك سىياسىي بەرپا قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىشتىكى ئۇلۇغ ئىجادىيىتى». 1978- يىلدىن بۇيان، «مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش» شەكلىدىكى يېزا ئىسلاھاتىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى بار بولغان ھۆكۈمەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشتۈرۈلگەن خەلق گۇڭشېسى تۈزۈلمىسى پەيدىنپەي رولىنى يوقاتتى. يېڭى تۈزۈلمە بىلەن كونا تۈزۈلمە ئالمىشىشقا باشلىغان چاغدا، كەنت ئىشلىرى پائالىيىتىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، بەزى رايونلاردىكى دېھقانلار ئىختىيارىيلىق ھالدا كەنت ئاھالە كومىتېتىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تەجرىبىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، سىياسەتنى تەڭشەپ، پۈتۈن مەملىكەت يېزىلىرىدا كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىنى تەدرىجىي ھالدا كېڭەيتىشنى قارار قىلدى. 1982- يىلى ماقۇللانغان يېڭى ئاساسىي قانۇندا، كەنت ئاھالە كومىتېتى يېزا ئاساسىي قاتلاملىرىدىكى ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتى، دەپ بەلگىلەندى. ئىككىنچى يىلى خەلق گۇڭشېسى تۈزۈمى رەسمىي بىكار قىلىندى ھەمدە كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىغا دائىر قانۇن چىقىرىش خىزمىتىگە تۇتۇش قىلىندى. 1988- يىلى 6- ئاينىڭ 1- كۈنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلىي قانۇنى» سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئېلىمىزدىكى 60 پىرسەنت يېزىدا كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئومۇمەن كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان جايلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتە يەنىلا خاتالىق ساقلانغانلىقى ۋە قائىدە - تۈزۈم جەھەتتىكى مۇكەممەلسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن، يېزا ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىدا يەنە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە مەسىلىلەر بار.

«قارار»نىڭ تەلىپى بويىچە، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، تۆتنى «ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش، يەنى كەنت دەرىجىلىك دېموكراتىك سايلامنى، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەشنى، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى ۋە دېموكراتىك نازارەتنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش لازىم. ئەمەلىيەت داۋامىدا مۇنداق ئىككى نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا

ئەرزىيدۇ: بىرىنچى، تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نىزامنامە بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. «قارار»دا تۈزۈم قۇرۇلۇشى ئاساس قىلىنىپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىنىڭ ئاساسلىق شەكلى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى كونكرېت شەرھلەندى ھەمدە «كەنت ئىشلىرى پائالىيىتىدە نىزامنامە بويىچە ئىش قىلىپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، مۇنتىزىملاشتۇرۇش» ئالاھىدە تەكىتلەندى. دېمەك، باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورناتمىغان، مۇكەممەللەشتۈرمىگەن رايونلار تەلەپ بويىچە قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئورنىتىشى لازىم. تۈزۈم بەلگىلەنگەندىن كېيىن، نىزامنامە بويىچە ئىش قىلىپ، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھازىر بەزى رايونلاردا تۈزۈمگە ئۇيغۇن كەلمەسلىك، نىزامنامىغا خىلاپ ھالدا مەشغۇلات قىلىش ھادىسىلىرى ئوخشاش بولمىغان ھالدا ساقلانماقتا. مەسىلەن، دېموكراتىك سايلام داۋامىدا، ئاز ساندىكى يېزا ـ بازار كادىرلىرى ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلمىغان، ھەتتا ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىپ، سايلام خىزمىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغان. يەنە مەسىلەن، نۆۋەتتە، يېزىلاردا كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇۋاتىدۇ، بەزى رايونلار كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاشتا ياكى ئىشنىڭ نەتىجىسىنى ئاشكارىلاشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئىش قىلىش جەريانىنى ۋە ئالاقىدار سىياسەتلەرنى بولسا يېتەرلىك ئاشكارىلىمايۋاتىدۇ؛ ياكى ئاشكارىلاش مەزمۇنى ھەددىدىن زىيادە تومتاق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. مەشغۇلات قىلىشى قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن، بۇ پائالىيەت تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمايۋاتىدۇ، ھەتتا شەكىلگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئىككىنچى، «ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش»تىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. دېموكراتىك سايلام، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەت قىلىش بىرلىككە كەلگەن، ئاجرالماس گەۋدە. كەنت ئاھالىسى خالىس، ئادىل، ئاشكارا بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ باشلامچىلىرىنى بىۋاسىتە سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش ۋە دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمى ئارقىلىق كۈندىلىك كەنت ئىشلىرىغا، بولۇپمۇ كەنت ئاھالىسىنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مۇھىم ئىشلارغا نىسبەتەن تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقى ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. كەنت كادىرلىرى خەلق رايىغا خىلاپلىق قىلىپ خاتالىق كۆرۈلگەن چاغدا، كەنت ئاھالىلىرى نازارەت قىلىش تۈزۈمىگە تايىنىپ تەنقىد بېرەلەيدۇ ۋە تۈزىتەلەيدۇ. ھەقىقەتەن ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلارنى تەرتىپ بويىچە تەكشۈرەيدۇ ياكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ.

پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ـ ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى كۈچەيتىش، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم پرىنسىپى. پارتىيە رەھبەرلىكى دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ سىياسىي كاپالىتى، دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ياخشىلاشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى، ئىككىسى بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، يېزا پارتىيە ياچېيكىلىرى يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشكە دىققەت قىلىشى، ساپاسى يۇقىرى، ئىستىلى توغرا، ئامما ئەڭ ھىمايە قىلىدىغان مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشقا تىرىشىپ، ئۇنى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈشى ھەمدە دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش ئارقىلىق پارتىيىنىڭ فاكچېينىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، پارتىيىنىڭ ئىستىلىنى ياخشىلىشى، شۇ ئارقىلىق يېزا پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ يادرولۇق رولىنى تېخىمۇ

ياخشى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، «يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇشتا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۇنى قانۇن - تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم.» بىزنىڭ پارتىيىلىك كادىرلىرىمىز يېڭى ئۆزگىرىشكە ماسلىشىشى، كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىشكە دىققەت قىلىشى، ئۆزىنىڭ قانۇن - تۈزۈم كۆزقارىشى ۋە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشى، قانۇنغا تاياناسلىق، ھوقۇقنى قانۇننىڭ ئورنىغا قويۇش خاھىشىنى قەتئىي تۈگىتىپ، قانۇننى بىلىشنىڭ، قانۇنغا رىئايە قىلىشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى، بارلىق كەنت ئىشلىرى پائالىيەتلىرىنى قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈش يولىغا سېلىپ، دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ياخشى يۈرگۈزۈشى لازىم. (يې زى)

## «قارار»دا پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكى يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى

پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش پارتىيىنىڭ دۆلەتكە رەھبەرلىك قىلىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى يەنىلا پارتىيىنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى ياخشى قۇرۇشتا. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە پارتىيىمىز دۇچ كېلىدىغان يېزا ئىسلاھاتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سۈرۈش، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت زور ۋەزىپىگە قارىتا «قارار»دا پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشىغا نىسبەتەن يېڭى تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى: پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، يېزا(بازار)لىق پارتكوم ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىك يادروسلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، يۇقىرى ساپالىق يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇش.

پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش - دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم بىر پرىنسىپى. بۇ پرىنسىپ بۈرۈلۈش دەۋرىدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرۇپ بەردى. پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى يېڭى ۋەزىپىسى ئالدىدا، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرۈش لازىم. لېكىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكمۇ كونا پىكىر يولى، كونا ئۇسۇللار ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولمايدىغان نۇرغۇنلىغان يېڭى زىددىيەت ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپ، شۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى تېخىمۇ ياخشى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئەستايىدىل ياخشىلاش، يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىسلاھات روھى ئارقىلىق، ئۆزگەرگەن ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان رەھبەرلىكىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۈنۈملۈك بولغان يېڭى رېئاللىشىش شەكىللىرى ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىش لازىم. بىراق، رېئاللىقتا، يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان رەھبەرلىكىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدا بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدە سان يوق، ئۇلار ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئىجادىي ھالدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرالماي، بەزى جايلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىدا «بوشاڭلىق»، «چېچىلاڭغۇلۇق»، «پالەچلىك» ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلغان، بەزى جايلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ھەتتا دىنىي كۈچلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان. بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە، مۇھىم بىر تەرەپ پارتىيىنىڭ

ئۆزىنىڭ ئىسلاھاتنىڭ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىن كېيىن قالغانلىقى، پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى يېڭى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئېھتىياجىدىن كېيىن قالغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، «قارار»دا پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم تەلىپى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ھەرگىز ئاددىي ھالدىلا تەكىتلەپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ناھايىتى كۈچلۈك رېئال قاراتمىلىققا ئىگە.

نۆۋەتتە، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، كۈچەيتەلمەسلىك، ياخشىلاش - ياخشىلىيالماسلىق ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش - تۇتالماسلىقتا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى پارتىيىنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى بارلىق خىزمەتلىرىنىڭ ۋە جەڭگىۋارلىقىنىڭ ئاساسى، يېزىلاردىكى ھەرخىل تەشكىلاتلار ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ رەھبەرلىك يادروسى. پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنىڭ سۈپىتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى تېزدىن ئۆستۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. بۇنىڭغا نىسبەتەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، ھەققىي تۈردە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى بىر يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشى لازىم.

پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش يەنە يېزا كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان تايانچ كۈچ، پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك سەۋىيىسى خېلى زور دەرىجىدە يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ساپاسىغا باغلىق. ئىسلاھاتنىڭ ئۇزلۇكسىز چوڭقۇرلىششىغا ئەگىشىپ، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، بولۇپمۇ يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزلۇكسىز كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، دېھقانلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بىر تۈركۈم ياش كادىرلار ئۆزىنىڭ تالانتىنى كۆرسىتىپ، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. بىراق، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىرمۇنچە مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بىرىنچى، سىياسەت سەۋىيىسى يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنەلمەيدۇ، ئىجرا قىلىش داۋامىدا ئىختىيارىيلىق بىر قەدەر چوڭ، ياكى پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى بىلمەي، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى تايانچلىق رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. ئىككىنچى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن، بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇنلىشالمايدۇ، ئاممىنى باي قىلىپ ھاللىق سەۋىيىگە ئاتلىنىشقا يېتەكلەش ئىقتىدارى كەمچىل. ئۈچىنچى، ئىدىيىۋى ئىستىلى ناچار، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، بيۇروكراتلىق قىلىدۇ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىدۇ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئىنتىزامنى بۇزىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئىنتايىن زور دەرىجىدە زىيان يەتكۈزىدۇ، ئۇنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم. مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ، لېكىن تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، دېڭ شياۋپىڭ (ئاخىرى 14-بەتتە)

# ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنىڭ ئىلمىي ئاساسى توغرىسىدا

جاۋ گۇاڭۇۋ

ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ بىلىش تارىخىدىكى ئىنقىلابىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى ماتېرىيالىزمنى يېپيېڭى بىر باسقۇچقا كىرگۈزدى. ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەرخىل شەرت ـ شارائىتلاردىن قارىغاندا، ئۇنىڭدىكى ئىنتايىن بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئۇ زامانىۋى ئىلىم ـ پەننىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كېلىپلا قالماستىن، بەلكى زامانىۋى ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇنى پۇختا ئىلمىي ئاساسقا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى توغرا بىلىۋېلىش ۋە چوڭقۇر ئىگىلەش پۈتكۈل ماركسىزمنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا چۈشىنىشتە، يېڭى تارىخىي مۇھىتتا، يېڭى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش شارائىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزمدا ئاڭلىق چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك غايە، ئېتىقادنى يەنىمۇ چىڭىتىشتا، شۇ ئارقىلىق جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشىنى 21- ئەسىرنى نىشانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ماركسىزملىق دۇنيا قاراش دۇنيا مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ داغدام يولىدىن چەتنەپ ئالغا باسماي بىر ئىزدا توختاپ قالغان تەلىمات ئەمەس. ئۇ ئىنسانلار ئىدىيە، مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق نەتىجىلىرىنى، بولۇپمۇ 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۆزگەرتتى. 19- ئەسىردىكى پەن ـ تېخنىكىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرى، بولۇپمۇ تەبىئىي پەندىكى ئۈچ چوڭ كەشپىيات ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس سېلىپ بەردى.

19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان، پۈتكۈل تەبىئىي پەننىڭ تەرەققىياتى تەجرىبە تەھلىلى ئۇسۇلىنى يېتەكچى قىلغان «ماتېرىيال توپلاش» باسقۇچىدىن ئۆتۈپ، «ماتېرىيال رەتلەش»نى بەلگە قىلغان دىئالېكتىك ئومۇملاشتۇرۇش باسقۇچىغا كىردى. تەرەققىيات جەريانىنى تەتقىق قىلىشنى ئۆزىگە خۇسۇسىيەت قىلغان بىر قاتار ئىلمىي پەنلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بەرپا قىلىندى ۋە راۋاجلاندى، مەسىلەن، گېئولوگىيە، تۆرەلمەشۇناسلىق، ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈك فىزىئولوگىيىسى، ئورگانىك خىمىيە قاتارلىقلار. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى ئىلىم ـ پەن تارىخىدىكى ئۈچ چوڭ كەشپىيات: ھۈجەيرە ئىلمى، ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش ۋە ئايلىنىش قانۇنى، جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت. بۇ يېڭى ئىلىم ـ پەن نەتىجىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىدېئالىزمنىڭ ئىلاھ ياراتتى دېگەن نەزەرىيىسى ۋە باغلىنىش، تەرەققىياتنى ئىنكار قىلىدىغان مېتافىزىكىلىق تەرەققىيات قارىشىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى، بەلكى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ دىئالېكتىك باغلىنىشى ۋە ماددىي بىرلىكىنى ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن كونكرېت ئېچىپ بەردى. ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە بۇ دەۋر بۆلگۈچ

كەشپىياتلارنىڭ ھەممىسى مۇقەررەر ھالدا ماتېرىيالىزمنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمدىن ئىبارەت يېڭى شەكىلنى قوللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم ماتېرىيالىزمنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلىم - پەن تەرەققىياتى دىئالېكتىك ئومۇملاشتۇرۇش باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن بارلىققا كەلدى.

ئۈچ چوڭ كەشپىياتتىن كېيىن، 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان، ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنى دىئالېكتىك ئومۇملاشتۇرۇش يۈنىلىشىنى بويلاپ يەنە ئومۇمىيۈزلۈك ھەم تېز تەرەققىي قىلدى. مەسىلەن، 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلگەن كۋانت نەزەرىيىسى، نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ۋە ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلگەن ئاساسىي زەررە فىزىكىسى، تىزگىنلەش نەزەرىيىسى، مولېكۇلا بىئولوگىيىسى قاتارلىقلار. 20- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، پۈتۈن يەر شارى مىقياسىدا بىر مەيدان يېڭى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى شەكىللەندى. يېڭى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيىتى شۇكى، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىدا ھەم يۇكسەك دەرىجىدە پارچىلىنىش، ھەم يۇكسەك دەرىجىدە ئۇنىۋېرساللىشىش، يۇكسەك دەرىجىدە ئۇنىۋېرساللىشىشنى ئاساس قىلىپ بىر گەۋدىلىشىش يۈزلىنىشى زاھىر بولدى، ئىلىم - پەن بىلىملىرىنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى، بىر گەۋدىلىشىشى ـ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىكىدۇر. بىر قاتار ئارىلىق پەنلەر، كىرىشمە پەنلەر، توغرا كەسمە پەنلەر ۋە ئۇنىڭغا ماس بولغان سىستېما ئۇقۇمى، ئۇچۇر ئۇقۇمى، قايتما ئىنكاس ئۇقۇمى، سىستېما ئۇسۇلى، تىزگىنلەش ئۇسۇلى دېگەندەك بىر قاتار يېڭى ئۇقۇم، يېڭى ئۇسۇللارنىڭ بارلىققا كېلىشى بۇ خىل ئۇنىۋېرساللىق، بىر پۈتۈنلۈكنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئاساسىي يۈزلىنىشنى ۋە گەۋدىلىك خۇسۇسىيىتىنى مەركەزلىك ئىپادىلەپ بەردى. ئەمدى بىز مۇشۇ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلەرنى بىۋاستە ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئالاقىدار مۇھىم پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مىسال قىلىپ، زامانىمىز پەن - تېخنىكىسىنىڭ ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنى، بولۇپمۇ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنى ئىسپاتلىغانلىقى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن يۇزەكى كۆزىتىپ ئۆتىمىز.

**بىرىنچى، ئومۇمىي سىستېما نەزەرىيىسىنىڭ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ يادروسى ـ زىددىيەت تەلىماتىنى بېيىتىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى**

ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى ئاۋستىرىيىلىك نەزەرىيىۋى بىئولوگىيە ئالىمى بېرتالانفىي ياراتقان ئومۇمىي سىستېما نەزەرىيىسى بىر توغرا كەسمە پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن، پەننىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، تارىختىكى بىر پۈتۈنلۈك توغرىسىدىكى كۆزقاراشلارنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، پەن - تېخنىكىنىڭ دىئالېكتىك ئومۇملاشتۇرۇش ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، ئومۇمىي ئىلمىي مېتودولوگىيە جەھەتتە مېتافىزىكىدىن دىئالېكتىكىغا قايتتى، ئۇنىڭ ماھىيىتى دىئالېكتىك بولۇپ، ئۇنىڭ بەزى ئاساسىي نەزەرىيە پرىنسىپلىرى (مەسىلەن، بىر پۈتۈنلۈك پرىنسىپى، تەرتىپلىك بولۇش پرىنسىپى، ئامىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش پرىنسىپى قاتارلىقلار) ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنىڭ زىددىيەت تەلىماتىغا نىسبەتەن تولۇقلاش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا: ئومۇمىي سىستېما نەزەرىيىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈك پرىنسىپى زىددىيەت تەلىماتىنىڭ زىددىيەتنىڭ تولۇق خاراكتېرىنى قانداق مۇئەييەنلەشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى تولۇقلىدى؛ ئومۇمىي سىستېما نەزەرىيىسىنىڭ تەرتىپلىك بولۇش پرىنسىپى زىددىيەت تەلىماتىنىڭ زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قانداق تەھلىل قىلىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى بېيىتتى؛ ئومۇمىي سىستېما نەزەرىيىسىنىڭ ئامىللارنىڭ ئۆزئارا

تەسىر كۆرسىتىش پرىنسىپى زىددىيەت تەلىماتىنىڭ بىر - بىرىگە زىت ئىككى تەرەپنىڭ بىر- بىرىنى تەقەززا قىلىش ۋە بىر - بىرىگە ئايلىنىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

**ئىككىنچى ئىپادىسى، ئۇچۇر نەزەرىيىسى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ دۇنيانىڭ ماددىي بىرلىكى توغرىسىدىكى قائىدىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللىدى**

ئىلگىرىكى ئىلىم - پەن ۋە پەلسەپىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرى شۇنى قايتا - قايتا ئىپادىلەپ بەردىكى، دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر، ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى ھەرىكەت قىلىۋاتقان ماددىنىڭ كونكرېت ھالىتى، كونكرېت ئىپادىسى ياكى كونكرېت خۇسۇسىيىتى، روھ ئادەم مېڭىسىدىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ ماددىنىڭ فۇنكسىيىسى، خۇسۇسىيىتى؛ ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ماددىنى ئاساس قىلىدۇ، ئەكسىچە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلمايدۇ، روھنى تېخىمۇ ئاساس قىلمايدۇ، دۇنيانىڭ ھەقىقىي بىرلىكى ئۇنىڭ ماددىيلىقىدا. ئۇچۇر نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى بۇ يەكۈننى ئىنكار قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە بۇ يەكۈننى يەنىمۇ ئىلگىرىلەن ھالدا دەلىللىدى.

ئۇچۇر نەزەرىيىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى كىشىلەرگە ئۇچۇرنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى، جانلىقلار دۇنياسى، فىزىكا دۇنياسىدا ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى ئىچىدە كەڭ تۈردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى تەدرىجىي تونۇتتى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇچۇر دۇنياسىنى بايقىدى. ئۇچۇر نەزەرىيىسى ئۇچۇرنى ئۆلۈك ھالدا ماددىغا ياكى ئېنېرگىيىگە تەڭ دەيدىغان ئۇسۇل ئارقىلىق دۇنيانىڭ ماددىي بىرلىكىنى دەلىللىمەستىن، بەلكى ئۇچۇرنىڭ ئالاھىدە ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇچۇر دۇنياسىنىڭ ماددىي دۇنيادىن كېلىدىغانلىقىنى، ماددىي دۇنيادا بىرلىككە كېلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

ئۇچۇرنىڭ ئالاھىدە ماھىيىتى ئۇچۇرنىڭ ماددىدىن ئايرىلسا بولىدىغانلىقىنى، ماددىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى قىلچە ئىپادىلىمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە دۇنيانىڭ ماددىي بىرلىكىنى يېڭى بىر نۇقتىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىپادىلەپ بەردى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ھەر بىر ئۇچۇر ئۆزىنى بەلگە قىلغان ئوبيېكتنىڭ قايتا ئايان بولۇشى، بارلىق ئۇچۇرلارنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى پۈتكۈل ئالەمنىڭ مۇكەممەل «مودېلى»نى ھاسىل قىلغان ئىكەن، ئۇنداقتا، ئۇچۇر دۇنياسى مودېل دۇنيانىڭ «كۆلەڭگىسى» بولىدۇ. شۇڭا، مودېل دۇنيا بىلەن ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى ئەمەلىيەتتە بىر گەۋدە بولۇپ، دۇنيانىڭ بىۋاستە مەۋجۇتلۇقى، ۋاستىلىك مەۋجۇتلۇقى ھەممىسى ئۇنىڭ ماددىيلىقىدىن كېلىدۇ، ئۇنىڭ ماددىيلىقىدا بىرلىككە كېلىدۇ. دېمەك، ئۇچۇر نەزەرىيىسى پلاتوننىڭ ئىدراك نەزەرىيىسىنى، دېكارتنىڭ ئىككى مەنبەچىلىكىنى، گېگېلنىڭ مۇتلەق ئىدىيىنىڭ ياتلىشىشى نەزەرىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنكار قىلىپ، ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنىڭ دۇنيانىڭ ماددىي بىرلىكى توغرىسىدىكى قائىدىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللىدى.

**ئۈچىنچى ئىپادىسى، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ئاڭ نەزەرىيىسىنى تولۇقلىشى ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشى**

سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ئادەم مېڭىسى ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تەقلىد قىلىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ئاڭ نەزەرىيىسى (ئاڭنىڭ كېلىپ چىقىشى، ماھىيىتى ۋە رولى توغرىسىدىكى نەزەرىيە) بىلەن ئەڭ بىۋاستە ھەم ئەڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ ئاڭ نەزەرىيىسىنى ئىسپاتلىغانلىقى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى ئۇنىڭ ئاڭ نەزەرىيىسىنى

تولۇقلىغانلىقى ۋە دەلىللىگەنلىكىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ، ئەمدى ئۇنىڭ ئاڭنىڭ ئادەم مېڭىسىنىڭ فۇنكسىيىسى، ماددىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇ بىر نۇقتىنىلا بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

كومپيۇتېرنىڭ ئادەم مېڭىسىنىڭ بەزى ئەقلىي ئىقتىدار پائالىيەتلىرىگە تەقلىد قىلىنغانلىقىنى كۆزىتىدىغان بولساق، ئادەم مېڭىسىنىڭ ھېچبولمىغاندا كومپيۇتېرغا ماس كېلىدىغان تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل ئىقتىدارنى، يەنى تەسىرات، خاتىرە، پېششىق، تاللاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس. ئەلۋەتتە، ئادەم مېڭىسىنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى ھەرگىز يۇقىرىدىكى تۆت تەرەپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇ پەقەت ھازىر ئادەم مېڭىسى تەپەككۇرىنىڭ بۇ تۆت خىل ئاساسىي ئىقتىدارى كومپيۇتېردا بويۇملاشتى، ئۇنى ئېنىق بولغان ماددىي ۋاستە ئارقىلىق قايتا ئايان قىلغىلى ۋە ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. سۇنئىي ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئادەم مېڭىسىنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى تېخىمۇ كۆپ تەرەپلەردىن يەنە بويۇملىنىشىدۇ، تەپەككۇرنىڭ سىرلىرى يەنە تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك، تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلىدۇ. كومپيۇتېر تەدرىجىي ھالدا ئوخشاش بولمىغان دائىرە، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئادەم تەپەككۇرىنى تەقلىد قىلىپ، قايتا ئايان قىلىپ، تەپەككۇرنى بويۇملاشتۇردى. بۇ ئاڭنىڭ سىرلىق، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان نەرسە ئەمەسلىكىنى، تەڭرىدە تۇرىدىغان، ئادەم مېڭىسىدىن ئايرىلغان روھ ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا ئادەم مېڭىسى ئاجرىتىپ چىقارغان ئالاھىدە ماددا ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئادەم مېڭىسىنىڭ فۇنكسىيىسى ئىكەنلىكىنى كونكرېت ئىپادىلەپ بەردى. بۇ ئاڭنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى قائىدىنى يەنىمۇ تولۇقلىدى.

يۇقىرىقى يۈزەكى كۆزىتىش ئارقىلىق بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئەۋج ئېلىۋاتقان بۇ يېڭى پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى جەريانىدىكى ئۇرغۇنلىغان زور پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى ۋە كەشپىياتلار ناھايىتى زور دەرىجىدە ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنىڭ بىر قانچە ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئىسپاتلاپ ۋە تولۇقلاپ، ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنى يەنىمۇ بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئۇ يەنە بىرلا ۋاقىتتا بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، تەبىئەت دۇنياسى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ۋە تەپەككۇر تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنىڭ توغرا ئىنكاسى بولغان، پۇختا ھەم مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىغا ئىگە بولغان ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ھەرۋاقىت قەتئىي ھالدا ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدىغان، ئىزچىل تۈردە ئېچىۋېتىلگەن قىياپەتتە ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىدىغان، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدىغان، ئەمەلىيەت جەريانىدا سىناقنى قوبۇل قىلىدىغان، ئۈزلۈكسىز بېيىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ بارىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتكىنى يوق ۋە ۋاقتى ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەت ئاساسىغا قۇرۇلۇش، يۈكسەك ئىلمىيلىك بىلەن ئىنقىلابىيلىق بىرلەشتۈرۈلۈشتەك روشەن ئالاھىدىلىكى بىلەن باشتىن - ئاخىر جانلىقلىق ۋە ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش ھالىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، زامانىمىز پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ يېڭى ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىغا باشتىن - ئاخىر يېقىندىن دىققەت قىلىپ، مەۋقەنى باشتىن - ئاخىر ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قويىدى ھەم دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ، جۈملىدىن تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى كەڭ تۈردە قوبۇل قىلدى. ئۇ پۇختا ئىلمىي ئاساسقا ئىگە، قويۇق دەۋر تۈسىگە تولغان بولۇپ، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن تومۇرداش بولغان

ئىلمىي سىستېما، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، جۇڭگو خەلقىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، باي - قۇدرەتلىك بولۇشىغا، خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان ئىلمىي نەزەرىيىدۇر. شۇڭا، بىز بۇ نەزەرىيىگە خىلاپلىق قىلماستىن، بەلكى بۇ نەزەرىيىدە چىڭ تۇرىدىغان، بۇ نەزەرىيىگە دوگمىلارچە مۇئامىلە قىلماستىن، بەلكى بۇ نەزەرىيىنى ئىجادىي ھالدا تەتبىق قىلىدىغان بولساقلا، بىزنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان تۈرلۈك ئىشلىرىمىز يېڭى قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلىش بىلەن بىرگە يېڭى غەلىبىلەرنى كۈتۈۋالالايدۇ.

ماركسىزملىق دۇنيا قاراش پۇختا ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەرىكەت قىبلىنەمامىز، بۇ بىز كوممۇنىستلار ئارىسىدا ئاللىقاچان ئورتاق تونۇشقا ئايلانغان. بىراق دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كۆزقاراشنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن، ئەسلىدە ئىنتايىن مۇھىم بولغان نەرسىلەر بەزى پارتىيە ئەزالىرى، ھەتتا پارتىيىلىك كادىرلاردا سۇسلىشىپ قالدى، ھەتتا يۇرملاندى. بازارنىڭ ئۆزىدىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان قارىغۇلۇق تۈپەيلىدىن بەزى كىشىلەر ھەمىشە ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئىگىلەش قىيىن دەپ قارىغاچقا، ئۇلاردا ئىسەڭگىرەش، مەنىسىزلىك، ئېتىقاد كرىزىسى پەيدا بولماقتا؛ يەنە بەزى كىشىلەر جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك پاسسىپ، چىرىك ھادىسىلەرنىڭ يامراپ كېتىشى بىلەن ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمغا بولغان غايە، ئېتىقادىدا گۇمانلىنىش ۋە تەۋرىنىش پەيدا بولماقتا ... بۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم بىر جەھەتتىن شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، نۆۋەتتە بىز ماركسىزملىق دۇنيا قاراش، يەنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم توغرىسىدىكى تەشۋىقات تەربىيىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز، كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ بىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىمىز، كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان سۇبيېكتىپلىق، بىر تەرەپلىمىلىك، يۈزەكىلىكنى تۈگىتىپ، شۇ ئارقىلىق جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى غايە، ئېتىقادىنى چىڭىتىشىغا ياردەم بېرىشىمىز زۆرۈر.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم مامۇت

(بېشى 9- بەتتە) نەزەرىيىسىنى ياخشى ئۆگىنىپ، بىر ئېتىقاد مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى تۇرغۇزۇپ، بىر مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛ پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ماھارىتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم.

پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى بىر يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن، يەنە يېزا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك يادروسلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش شەرتى ئاستىدا، پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنىڭ يېڭى ئۇسۇلى، يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش لازىم.
(ۋۇ شىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم مامۇت

# نۆۋەتتە جۇڭگودىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ھەققىدە مۇلاھىزە

ئىمىن قارى قەييۇم

**1. ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئېشىك ئېچۋېتىلگەندىن بۇيان، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشكە ئەگىشىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە روشەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئەسلىدىكى تارقاق، قالاق ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ ئورنىنى پەيدىنپەي كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شەكلى ئېلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئوخشىمىغان ئىقتىسادىي تەركىبلەر، ئىقتىسادىي ساھەلەر ۋە كەسىپلەر ئوتتۇرىسىدىكى كىرىم پەرقى روشەن ھالدا زورىيىپ، ئىقتىسادىي مەنپەئەت زىددىيەتلىرىنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر كۆنسېرى گەۋدىلىنىپ، جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەردە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل چىگىش، مۇرەككەپ ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

1) ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئىقتىسادىي زىددىيەتلەر روشەن گەۋدىلەندى. دۆلىتىمىز قۇرۇلۇپ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش تاماملانغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدە ئۇزۇن مۇددەت نىسپىي بىرلا خىل ئىگىلىك ئەندىزىسى يولغا قويۇلغانلىقتىن، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تارماقلاردا باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى ئانچە روشەن بولۇپ كەتمىگەنىدى. بىراق بۇنداق نوقۇل ھالدىكى بىرلا خىل ئىگىلىك ئەندىزىسىنى يولغا قويۇش ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادچانلىقىنى، ئاكتىپلىقىنى چەكلەپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن بۇنداق بىرلا خىل ئىگىلىك ئەندىزىسىنى يولغا قويۇشقا ئېسىلىۋېلىشتەك ھالەت بۇزۇلۇپ تاشلىنىپ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ خىل ئىگىلىك ئەندىزىسى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. بىراق دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش ئەھۋالى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە زورىيىپ، يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلار بىلەن دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا بەزىبىر زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار تىجارىتىنىڭ ئالغا باسماسلىقى مۇقەررەر ھالدا پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا، شۇنداقلا ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر يەتكۈزۈپ، تېخىمۇ زور ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

2) كىرىم پەرقى زورىيىپ، ئالدىن بېيىغۇچىلار بىلەن كېيىن بېيىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت چوڭقۇرلاشتى. دېڭ شياۋپىڭ: «سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپلاتاتسىيىنى يوقىتىش ۋە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يېتىش» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3- توم، 777- بەت) دەپ

كۆرسىتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن بىر قىسىم رايونلار ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنى ئالدىن بېيىشقا ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بەزى مەسىلىلەر، يەنى «ئالدىن بېيىغۇچىلار بىلەن كېيىن بېيىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش» مەسىلىسى كېلىپ چىقتى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش پۈتكۈل جەمئىيەتكە غايەت زور ماددىي مەنپەئەت ئېلىپ كەلدى. بىراق تەقسىمات مېخانىزمى، باج تۈزۈلمىسى ۋە قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقىدىن بىر قىسىم كىشىلەر سىياسەتتىن پايدىلىنىپ يوچۇق ئىزدەپ، دۆلەت مەبلىغىنى ئۆز يانچۇقىغا تولدۇرۇش ۋاستىسى بىلەن بېيىپ، ئوخشىمىغان رايونلار، ئوخشىمىغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا كىرىم ۋە بايلىق جەھەتتە زور پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بۇنىڭدىن باشقا، ھازىر نۇرغۇنلىغان شەھەرلەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىنكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. جەمئىيىتىمىزدە نامراتلار، ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەنلەر، بايلار دېگەندەك ئىجتىمائىي قاتلاملار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بۇنداق كىرىم تەقسىماتى جەھەتتىكى زور پەرق نامراتلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان كىشىلەردە نارازىلىق ۋە قارشىلىشىش پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئېغىر ھالدا كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

3) چىرىكلىشىش مەسىلىلىرى نىسبەتەن گەۋدىلىك بولغاچقا، كادىرلار بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزمەكتە. سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا بارلىق ھوقۇقنى خەلق بەرگەن، لېكىن ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئىدىيىسىنىڭ قالدۇقى ۋە يېڭى - كونا تۈزۈلمە ئالمىشىش جەريانىدا جەمئىيەتتە ۋاقتىنچە يۈز بەرگەن تەرتىپسىز ھالەت سەۋەبىدىن، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قولىدىكى ھوقۇقتا ئۆزگىرىش بولۇپ، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىش، ھوقۇق - پۇل سودىسى قىلىشتەك رەزىل ھادىسىلەر كېلىپ چىقماقتا. بۇ خىل ھادىسىلەر گەرچە ئاز سانلىق رەھبىرىي كادىرلاردا يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ زىيىنى ۋە تەسىرى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىماقتا. شۇڭا، ھوقۇق مەسىلىسى ياخشى ھەل قىلىپ چىرىكلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، پارتىيىنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپ جەمئىيەت ئىستىلى چىرىكلىشىپ ۋە بۇزۇلۇپ، پارتىيە ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ھەتتا خەلقنىڭ رايى قايتىپ، ئېغىر ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان زىددىيەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە گىرەلىشىشى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئادەتتىن تاشقىرى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. خەلقئارا ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە قاراتقان «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ئىستراتېگىيىسىدىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيدۇ. چوقۇم ھەرقايسى تەرەپلەردىن قول تىقىپ، مەملىكىتىمىزگە قارىتا «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» ئېلىپ بارىدۇ. دۆلەت ئىچى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي زىددىيەت ئاساسلىقى خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت بولغان تەقدىردىمۇ، لېكىن كونكرېت مەنپەئەت جەھەتتە روشەن پەرق مەۋجۇت. بۇ خىل پەرق كەلتۈرۈپ چىقارغان زىددىيەتلەرنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت مەۋجۇت بولىدىغانلىقى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى كۆنسايىن مۇرەككەپلەشتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى زىددىيەتلەردىن باشقا، يەنە ئەكسىيەتچى دىنىي كۈچلەر تۈزۈلمە ئالمىشىۋاتقان سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، ھەر خىل پەرقلەر ۋە زىددىيەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھالەتتىن پايدىلىنىدۇ. بۇ ھال مەملىكىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي زىددىيىتىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، جۇڭگودەك نوپۇسى كۆپ، تەبىئىي بايلىق مەنبەسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تەكشىسىز بولغان بۇنداق چوڭ دۆلەتتە، ھۆكۈمەت جەمئىيەتتىكى بارلىق زىددىيەتلەرنى تەڭشەپ، تىزگىنلىمىسە، دۆلەتنى باشقۇرۇش تەسكە توختايدۇ. نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ مەسىلىلەر ۋە زىددىيەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، شۈبھىسىزكى، بەلگىلىك دەرىجىدە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، بەزىبىر ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرىنىڭ كۆنسايىن مۇرەككەپلىشىش ئەھۋالىغا قارىتا، يەنىلا ئىلگىرىكى بىرلا خىل سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى تەھلىل قىلىمىز دېيدىكەنمىز، زىددىيەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلمەيمىز، ئۇنى ھەل قىلىش لايىھىسىدىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

**2. ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسىي پىكىر يولى**

زىددىيەتكە توغرا قاراش ــ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. دۇنيادا ھازىرغىچە تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تەييار رامكىسى ۋە قېلىپى بولغان ئەمەس. شەكىلۋازلىقنى تاشلاپ، ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيەتنى كۆرۈش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك ئوبيېكتىپ پوزىتسىيە بولغاندىلا، ئاندىن زىددىيەتلەرنى پەسەيتكىلى ۋە ھەل قىلغىلى بولىدۇ. جۇڭگودا ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ يولى ــ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت.

1) دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىش ــ ئېلىمىزدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ماددىي ئاساسى. دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن پارتىيىگە: «سوتسىيالىزم قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلمايدىغان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمايدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش، ئىقتىساد تەرەققىي قىلدۇرۇلمايدىغان، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانمايدىغان بولسا، تۈگىشىدىغان گەپ» (يۇقىرىقى كىتاب، 3-توم، 770-، 771- بەتلەر) دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىگەنىدى. سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرغانلىق دۆلىتىمىزنىڭ كۈچىنى راۋاجلاندۇرغانلىق، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكى ــ ئېلىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى، ئۇ جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە دۆلەت ئىگىلىكىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار، بولۇپمۇ دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلاردۇر. ئۇلار دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىراق، نۆۋەتتە ئېلىمىزدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار باشقۇرۇش ئۇسۇلى قالاق بولۇش، كۆزقاراش قالاق بولۇش، ئۈسكۈنىلەر كونا بولۇش، ئىشتىن ئادەم كۆپ بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ كۈچلۈك بازار رىقابىتى ئالدىدا ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ــ قالالماسلىقى مۇھىم بىر مەسىلە بولماقتا. جياڭ زېمىن 15- قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: «پۈتكۈل دۆلەت ئىگىلىكىنى ياخشىلاشنى نەزەردە تۇتۇپ، چوڭلىرىنى ئوبدان تۇتۇپ، كىچىكلىرىنى قويۇۋېتىپ ــ جانلاندۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىستراتېگىيىلىك ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش يولىنى تۇتۇش لازىم» . «زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش ــ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات يۆنىلىشى. «مۈلۈك ھوقۇقى ئوچۇق بولۇش، ھوقۇق، مەسئۇلىيەت ئېنىق بولۇش، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش، باشقۇرۇش ئىلمىي بولۇش» تەلپى بويىچە چوڭ

- ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىدا قېلىپلاشقان شىركەت تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، كارخانىنى بازارغا لايىقلاشقان قانۇنىي ئىگىلىك ئەمەلىي گەۋدىگە ۋە رىقابەت سۇبيېكتىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. مەيلى كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بولسۇن، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنى گۈللەندۈرۈش بولسۇن، ھەممىسى ئوبيېكتىپ جەھەتتە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان ئادەم كۆپ، ئۈنۈم تۆۋەن بولۇش مەسىلىلىرىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ساپاسىنى تېز ئۆستۈرۈش، ئىش ئورنىدىن ئالمىشىش، ئىش ئورنىدىن قېلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەكتىمىز. بۇلارنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەمدە ئىش ئورنىدىن قالغانلارنى تارقاقلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش ئارقىلىقلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

2) «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش»تا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئىقتىسادىي ساھەدىكى زىددىيەتلەر خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرگە نىسبەتەن چوڭ ئورۇننى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي ساھەدىكى زىددىيەتلەردىن باشقا زىددىيەتلەرگىمۇ ئوخشاشلا سەل قاراشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، جەمئىيەتتە ساقلىنىۋاتقان ۋە يامراۋاتقان ئىستىلنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان بەزى ئىدىيىۋى ساھەدىكى ناچار ئىللەتلەر قاتارلىقلار. بۇ زىددىيەتلەرنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن بۇ زىددىيەتلەر ئۆزۈنىچە ھەل قىلىنمىسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تېخىمۇ كۆپ زىددىيەتلەر كېلىپ چىقىدۇ - دە، جەمئىيەتكە تېخىمۇ كۆپ ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى چوقۇم مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، ئىدىيىۋى تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىش، قەتئىي بوشاشماستىن ئىلىم - پەن بىلىملىرى بىلەن خەلقنى قوراللاندۇرۇپ، توغرا نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق بۇ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش لازىم.

3) دېموكراتىيە، قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. قانۇنىي ۋاستىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق تالاش - تارتىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش - مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، نۇرغۇنلىغان يېڭى قانۇن - تۈزۈم، قائىدىلەر مەيدانغا كېلىپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەتتىكى ئىشلارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. لېكىن ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قانۇن ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولماسلىق، ھوقۇقنى قانۇندىن ئۈستۈن قويۇشتەك ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلدى. شۇڭا، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا قانۇن بولۇش، ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەھەتتە تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىدا قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىدىغان يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىدا يەنە قانۇن چىقىرى خىزمىتىنى كۈچەيتىش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، 2010- يىلىغا بارغاندا جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قانۇن - تۈزۈم سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،

دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ـ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئاساسىي ئىستراتېگىيىسى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ مەڭگۈ تىنچ، مۇقىم بولۇشىنىڭ تۈپ كاپالىتى.

قىسقىسى، ھازىرقى باسقۇچتا دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىشىمىز، دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز شۇ ئارقىلىق ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئوبدان ھەل قىلىشىمىز لازىم.

جاۋابكار مۇھەررىر: مەخمۇتجان ئوبۇل

(بېشى 5 ـ بەتتە) چىداپ كۈرەش قىلىدىغان بولساق، بەلگىلەنگەن نىشانىمىزنى جەزمەن ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنى باي ـ قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان تەنتەنىلىك پەيتلەردە، بىز ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمەكتىمىز. يېقىندا، تەيۋەندىكى لى دېڭخۇي «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى»نى نومۇسسىزلىق بىلەن كۆتۈرۈپ چىقتى ھەمدە ئۇنى گومىنداڭ ھۆججىتىگە كىرگۈزدى. بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە نومۇسسىزلارچە خائىنلىق قىلغانلىق، خەلقئارا ئېتىراپ قىلغان «بىر جۇڭگو» پرىنسىپىغا غالجىرلارچە ئىغۋاگەرچىلىك قىلغانلىق، ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قەستەن پارچىلاشتەك ۋەتەن ساتقۇچلۇق قىلمىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادا پەقەت بىرلا جۇڭگو بار، تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جۇڭگونىڭ بىردىنبىر قانۇنلۇق ۋەكىلى، بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان تارىخىي پاكىت ۋە سىياسىي رېئاللىق. لى دېڭخۇينىڭ ساختا نىقابىنى ئاشكارا يىرتىپ تاشلاپ، بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ۋەتەن ۋە خەلققە بالايىئاپەت تۇغدۇرۇشتەك ئېقىمغا زىت ئىش قىلىش قىلمىشلىرى ھەقلىق يوسۇندا تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. چۇمۇلە ھالىغا باقماي دەرەخنى لىڭشىتماقچى بولغاندەك، ئەجنەبىيلەرنىڭ جوۋىسىدا تەرلىنىپ، ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىش بەدىلىگە شۆھرەت قازانماقچى بولغان بارلىق ئەكسىيەتچىلەر خەلقى ئالەمنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىگە ئۇچراپ، سېسىق نامى مەڭگۈ يۇتمەيدىغان شەرمەندە ئاقىۋەتكە قالىدۇ، خالاس. جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىرادىسى تەۋرەنمەيدۇ. مەيلى خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز چوقۇم ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز.

# سوتسىيالىستىك ئىگىلىك بىلەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت

لېتىپ نىياز

پارتىيە 15- قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: «ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭكىدىن باشقا ئىگىلىك ـ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى»، «جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى بەرپا قىلىش سوتسىيالىزم شارائىتىدا بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەن سۆز» دەپ كۆرسىتىلدى. بەزىلەر مۇشۇ ھۆكۈمنى ئاساس قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىك بىلەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىر مەنىدە، «سوتسىيالىستىك ئىگىلىك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دېگەن سۆز»، شۇڭا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭكىدىن باشقا ئىگىلىكمۇ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، دەپ قارىدى. بۇ ئۇقۇم جەھەتتە خاتا بولۇپلا قالماي، مەزمۇن جەھەتتىمۇ 15- قۇرۇلتاينىڭ روھىي ماھىيىتىگە خىلاپ. ئەگەر مۇشۇ قاراش بويىچە بولىدىغان بولسا، 15- قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات نىشانىغا يېتىشكە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ مەسىلىنى نەزەرىيە جەھەتتە ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ تونۇشىنى 15- قۇرۇلتاينىڭ روھى ئاساسىغا بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم.

**1. سوتسىيالىستىك ئىگىلىك پەقەت ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ**

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش ھەرگىز ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭكىدىن باشقا ئىگىلىكنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. «سوتسىيالىستىك ئىگىلىك» كاپىتالىستىك ئىگىلىككە نىسبەتەن ئېيتىلغان ئىقتىسادىي كاتېگورىيە بولۇپ، سوتسىيالىزم خاراكتېرىدىكى ئىگىلىكنى كۆرسىتىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى بىلەن سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش بىلەن سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشنى مەندىكى ئاتالغۇ سۈپىتىدە ئىشلەتكەن. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بىز ئىسلاھاتتا ئىككى تۈپ پرىنسىپتا، بىرى، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش پرىنسىپىدا، يەنە بىرى، ئورتاق بېيىش پرىنسىپىدا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ كەلدۇق. چەت ئەل مەبلىغىدىن پىلانلىق پايدىلىنىشنىمۇ، بىر قىسىم يەككە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىمۇ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي تەلەپكە بويسۇندۇردۇق» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3- توم، 288- 289- بەتلەر). ئەگەر ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان باشقا ئىگىلىك سوتسىيالىستىك ئىگىلىك دەپ قارالسا، ئۇنداقتا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشنى تەكىتلەشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي تۈزۈم بەلگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇنلىشىدىغان ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت تۈزۈمىدىن تەركىب تاپىدۇ، لېكىن ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ خاراكتېرىنى ئايرىشتا ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئاساس قىلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك شەكلى، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئورنى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، مەھسۇلاتنى تەقسىم قىلىش شەكلى قاتارلىق ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك ئەڭ ئاساسلىق ھەل قىلغۇچ تەرەپ بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسى. سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئورنى ۋە باراۋەرلىك مۇناسىۋىتى، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش شەكلىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئەڭ ئاساسلىق بولۇپ، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ئاساسلىقى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرى بىلەن مەملىكەت ئىچىدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىك مۈلۈكچىلىك جەھەتتە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ بىرلىشىش شەكلىدە، ئەمگەكچىلەر ئەمگەك كۈچىنى تاۋار سۈپىتىدە سېتىپ كاپىتال بىلەن ياللانما ئەمگەكنىڭ بىرلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ؛ تەقسىمات مۇناسىۋىتى جەھەتتە كاپىتالغا قاراپ تەقسىم قىلىش يولغا قويۇلىدۇ. بۇ خىل ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت خاراكتېر جەھەتتە سوتسىيالىستىك خاراكتېردە بولمىغان ئىگىلىك تەركىبى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەككە ئىگىلىككە كەلسەك، ئۇ نۇرغۇن ئىجتىمائىي فورماتسىيىلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئالاھىدە جەمئىيەت خاراكتېرىگە ئىگە ئەمەس. ئۇ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ئىگىلىك شەكلىگە بويسۇنىدىغان ئۇششاق تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بولۇپ، «كاپىتالىزم خاراكتېرىدىمۇ، سوتسىيالىزم خاراكتېرىدىمۇ ئەمەس»، شۇڭا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭكىدىن باشقا ئىگىلىكنى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

**2. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم بىلەن سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم ئوخشاش بولمىغان ئۇقۇم**

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئاساسى ـ سوتسىيالىزمنىڭ خاراكتېرى ۋە دەسلەپكى باسقۇچتىكى دۆلەت ئەھۋالى. پارتىيە 15- قۇرۇلتاي دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: بىرىنچىدىن، دۆلىتىمىز ـ سوتسىيالىستىك دۆلەت، شۇڭا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئاساسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش شەرت؛ ئىككىنچىدىن، دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ، شۇڭا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش شەرتى ئاستىدا، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش»قا ئۇيغۇن كېلىدىغان مۈلۈكچىلىك شەكلىنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسا بولىدۇ، يەنە كېلىپ خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى كېرەك. بىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ بىر خىل كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكلى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمىز، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم بىلەن

سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنى تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ.

ماركس «سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدى»گە سۆز بېشى دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەنىدى: «بىر ئىجتىمائىي ھالەت ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تولۇق جارى بولمىغىچە ھەرگىز يوقالمايدۇ؛ يېڭى ۋە تېخىمۇ يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي شارائىتلار كونا جەمئىيەتنىڭ قوينىدا پىشىپ يېتىلمىگىچە ھەرگىز پەيدا بولمايدۇ» («ماركسىزم - لېنىنىزم ئەسەرلىرىدىن تاللانما» پەلسەپە قىسمى، 465- 466- بەتلەر). ماركس بۇ سۆزنى پۈتكۈل ئىجتىمائىي فورماتسىيىگە قارىتىپ ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ نەزەرىيىنى بەلگىلىك ئىقتىسادىي تەركىبكە ئوخشاشلا تەدبىقلاشقا بولىدۇ، يەككە ئىگىلىك بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل ئىقتىسادىي تەركىب يەنە ئۇزاق مەزگىلگىچە ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭكىدىن باشقا ئىگىلىك تەركىبلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇشتىكى سەۋەب ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىك بولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكىدە.

كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، ئۇ ھەرگىز سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى ئەمەس. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى پەقەت سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى بىر باسقۇچ، شۇنداقلا ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغان دۆلەتلەر سوتسىيالىزم قۇرۇشتا بېسىپ ئۆتىدىغان بىر ئالاھىدە باسقۇچ. شۇڭا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى پۈتكۈل سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە، شۇنداقلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتىنى سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ.

### 3. سوتسىيالىستىك ئىگىلىك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە تەڭ ئەمەس

پارتىيە 14- قۇرۇلتاي دوكلاتىدا، ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 15- قۇرۇلتايدا يەنە: «سوتسىيالىزم بىلەن بازار ئىگىلىكىنى بىرلەشتۈرۈش - بىر ئۇلۇغ ئىجادىيەت» دەپ كۆرسىتىلدى. ئېلىمىزدىكى بازار ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغانلىقىدا، ئەگەر ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنمىسا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىمۇ بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك ئىگىلىك مۈلۈكچىلىك جەھەتتىن قارىغاندا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بولسا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭكىدىن باشقا ئىگىلىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن ئېيتقاندا، بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش باسقۇچىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ، ھازىرقى سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم ئوخشاش بىر دەۋردە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جەھەتتە سوتسىيالىزمنى تەرەققىي تاپقان كاپىتالىزم بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنە ناھايىتى چوڭ پەرق مەۋجۇت. شۇڭا، سوتسىيالىزم بازار ئىگىلىكى بىلەن بىرلىشىشى، بازار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش

كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، شۇ ئارقىلىق كاپىتالىزم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى كېرەك.

پارتىيە 15- قۇرۇلتاي دوكلاتىدا ئېنىق قىلىپ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئاساسى، دەپ كۆرسىتىلدى. بەزىلەر بۇ يەردە ئېيتىلغان ئاساسنى ئاساسىي گەۋدە، دەپ چۈشىنىش كېرەك دەپ قارىماقتا. ئەمەلىيەتتە، «ئاساس» بىلەن «ئاساسىي گەۋدە» ئوخشاش بولمىغان مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ، «ئاساس» - ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنى بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ ئاساسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ «ئاساسىي گەۋدە» - كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكتە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقىنى ۋە ئورنىنى كۆرسىتىدۇ. سوتسىيالىزم خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىغا ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىغا ئورنىتىلىدۇ. شۇڭا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك - سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئاساسى.

دەرۋەقە، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلىش ھەرگىز ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى بىردىنبىر ئىقتىسادىي شەكىل قىلىشتىن، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان باشقا ئىگىلىكنى چەتكە قېقىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئاددىي ھالدا كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى چەتكە قېقىش، روشەنكى، سوتسىيالىزمغا پايدىسىز. سوتسىيالىزم كاپىتالىزمدىن پايدىلىنىشتا كاپىتالىزمنىڭ پاسسىپ تەسىرلىرىنى يېڭىشكە ماھىر بولغاندىلا ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ. 15- قۇرۇلتاي دوكلاتىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى بەرپا قىلىش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەن سۆز. بۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازارنى دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلىشى ئاساسىدا بايلىق تەقسىملەشتە ئۈللۈق رول ئوينايدىغان قىلىش لازىم؛ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر قىسىم رايونلارنىڭ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاۋۋال بېيىپ، كېيىنرەك بېيىدىغانلارغا باشلامچى بولۇپ ۋە ياردەم بېرىپ، ئورتاق بېيىش يولىغا پەيدىنپەي قەدەم تاشلىشىغا يول قويۇش كېرەك؛ ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىققا ۋە رىقابەتكە پائال قاتنىشىش لازىم.». 15- قۇرۇلتاي دوكلاتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد توغرىسىدىكى بۇ باياندا ھەم سوتسىيالىزم ئاساسىي پرىنسىپلىرىنىڭ ھازىرقى جۇڭگودىكى داۋاملىشىشى ۋە تەتبىقلىنىشى گەۋدىلەندۈرۈلدى، ھەم سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى دۆلەت ئەھۋالى تولۇق ئىگىلەندى. شۇڭا، بىز 15- قۇرۇلتاي دوكلاتىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئىگىلىك بىلەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى 21- ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم.

(ئاپتور مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ سىنىپىدا ئىشلەيدۇ)

**جاۋابكار مۇھەررىر: ئابدۇكېرىم مامۇت**

# يېزا بازارلىرىنى ئېچىش ـ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە

يۈسۈپ ھامۇت

ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تىرىشىپ يېزا بازارلىرىنى ئېچىشنى ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى قىلىپ بەلگىلىدى. شۇڭا، يېزا بازارلىرىنى ئېچىش ئىشىنى ئوبدان ئىشلەپ، يېزىلارنىڭ ئىستېمال جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش نۆۋەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 1. يېزا بازارلىرىنى ئېچىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئەھمىيىتى

دۆلىتىمىز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ يوشۇرۇن بازارغا ئىگە. بۇ ـ ھەم دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئەۋزەللىكلىرىدىن بىرى، ھەم دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي خىزمىتىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇش نۇقتىسى. يېزا بازارلىرى ئىچكى بازارنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، غايەت زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ۋە كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. مەملىكىتىمىزدىكى 1 مىليارد 200 مىليون نوپۇسنىڭ 860 مىليونى يېزىدا بولۇپ، بۇ پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 72 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ناۋادا پۈتۈن مەملىكەتتىكى 230 مىليون دېھقان ئائىلىسى ئىچىدە رەڭلىك تېلېۋىزور قاتارلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 1997-يىلدىكى شەھەر سەۋىيىسىگە يېتىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا 168 مىليون دانە رەڭلىك تېلېۋىزور، 180 مىليون دانە توڭلاتقۇ، 170 مىليون دانە كىرئالغۇ كېرەك بولىدۇ. 1996-يىلدىكى مەھسۇلات مىقدارى بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئېلىمىزنىڭ 10 يىللىق رەڭلىك تېلېۋىزور مەھسۇلات مىقدارىغا، 14 يىللىق توڭلاتقۇ مەھسۇلات مىقدارىغا، 16 يىللىق كىرئالغۇ مەھسۇلات مىقدارىغا باراۋەر كېلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يېزا ئاھالىسى ئىنتايىن زور ئىستېمال توپى بولۇپ، ئۇ مەملىكىتىمىز يېزا بازارلىرىنىڭ ئىنتايىن زور يوشۇرۇن تەرەققىيات كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

نۆۋەتتە، شەھەرلەردە رەڭلىك تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ قاتارلىق «ئۈچ كونا»نى ئاساس قىلغان ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى بازىرى تويۇنۇش ھالىتىگە يەتكەن، پىكاپ، شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان يېڭى ئىستېمال قىزغىنلىقى تېخى يېتىلمىگەن شارائىتتا، يېزا بازارلىرىنى ئېچىش مەملىكىتىمىزنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ئۆستۈرۈشتە تېخىمۇ ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز نەزەرىمىزنى تېخىمۇ يىراققا تاشلايدىغان بولساق، شۇنى تونۇپ يېتەلەيمىزكى، ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، چەكلىك سېتىۋالغۇچىلار بازىرى ۋە ئېھتىياجنى چەكلەپ تۇرۇش ئىقتىسادىي پائالىيەتتىكى نورمال ئەھۋال بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىسلىق ۋە تەمىنلەشنى چەكلەپ تۇرۇشنى بەلگە قىلغان پىلانلىق ئىگىلىك

تۈزۈلمىسى شارائىتىدا ۋە تۈزۈلمە ئالمىشىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پەيدا بولىدىغان ئېھتىياجنىڭ ئېشىپ كېتىشى ۋە دولقۇنسىمان ئىستېمال قىزغىنلىقىغا ئوخشاش ئەھۋاللار ناھايىتى ئاز يۈز بېرىشى مۇمكىن. بۇنداق شارائىتتا، كارخانىنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشى كۆپ ھاللاردا بازارلارنى ئۈزلۈكسىز ئېچىش، تېخىمۇ كۆپ ئىنچىكە ئايرىلغان بازارلارنى ئىگىلەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، نۆۋەتتە تېخىچە ئېچىلمىغان يېزا بازارلىرى كارخانىلار ئۈچۈن غايەت زور ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچى ھېسابلىنىدۇ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىككى مەنبەلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئالمىشىشىنى تېزلىتىپ، يېزا بازارلىرىنى داۋاملىق ئېچىش دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ، شۇنداقلا دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدى ھېسابلىنىدۇ.

**2. يېزا بازارلىرىنى ئېچىشقا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئامىللار**

يېزا بازارلىرىنىڭ تەرەققىياتى كۆپ خىل ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئاستا بولۇۋاتىدۇ. يېزا بازارلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان ئامىللار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشىنىڭ ئاستا بولۇشى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، مال باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 7- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 8 پىرسەنت، 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 4.3 پىرسەنت، 1997- ۋە 1998- يىللىرى ئايرىم ھالدا 4.6 پىرسەنت ۋە 4.3 پىرسەنت بولغان. دېھقانلار كىرىمىنىڭ تۆۋەنلەش يۈزلىنىشى ئۇلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن.

ئىككىنچى، تاۋار بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلمىسىنىڭ نامۇۋاپىق بولۇشى. ئۇزۇندىن بۇيان، ئېلىمىز كارخانا ساھەسىدىكىلەر بازارنى ئىنچىكە ئايرىشقا ئەھمىيەت بەرمەي، تاۋار بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلمىسىدا ئاساسلىقى شەھەرگە مايىل بولغانلىقتىن، يېزا بازارلىرىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەن. ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە، كۆركەم، ئەرزان، چىداملىق بولۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن؛ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە، نۇرغۇن تاۋارلار شەھەر ئىستېمالىنى ئۆلچەم قىلغاچقا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال تەلىپىگە دېگەندەك ئۇيغۇن كەلمىگەن، ھەتتا شەھەرلەردە بېسىلىپ قالغان تاۋارلار يېزىلارغا توشۇلۇپ سېتىلغان. نەتىجىدە بۇ تاۋارلار يېزىلاردىمۇ بازار تاپالماي بېسىلىپ قالغان.

ئۈچىنچى، تىجارەت سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، يېزا بازارلىرى نوقۇل ھالدا تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىلا تىجارەت قىلىدىغان ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، كۆپ خىل ئىگىلىك شەكلى، كۆپ خىل تىجارەت شەكلى ۋە كۆپ خىل تىجارەت ئۇسۇلى رىقابەتلىشىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. رىقابەت ھەقىقەتەن يېزا بازارلىرىنى جانلاندۇرۇۋەتتى؛ بىراق كونا تۈزۈلمە يىمىرىلگەن، يېڭىچە يېزا بازارلىرى تىجارەت تورى تېخى شەكىللەنمىگەن ۋە مۇكەممەللەشمىگەن ئەھۋالدا، يېزا بازارلىرىدا تەرتىپسىز رىقابەتلىشىدىغان قالايمىقان ھالەت شەكىللەندى. بۇنىڭ بىلەن ساختا، ناچار تاۋارلار يېزا بازارلىرىغا بۆسۈپ كىرىپ، دېھقانلارغا زور زىيانلارنى كەلتۈردى. نەتىجىدە دېھقانلارنىڭ بۇ بازارلارغا بولغان ئىشەنچىسى تۆۋەنلەپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشى پايدىسىز مۇھىتقا دۇچ كەلدى.

تۆتىنچى، يېزىلاردىكى ئىستېمال مۇھىتىنىڭ ئازادە بولماسلىقى. ئىستېمال مەلۇم دەرىجىدىكى مۇھىت ۋە كەيپىياتتىن ئايرىلالمايدۇ. شەھەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، مەملىكىتىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ

ساندىكى يېزىلارنىڭ تۇرمۇش ئىستېمالىغا ئىشلىتىدىغان ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى قالاق، ئاجىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مۇئەسسەسەلەر سانى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، كۆلىمى، دەرىجىسى، سۈپىتى، پەن- تېخنىكا مىقدارى جەھەتلەردە شەھەرلەرنىڭكىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. مانا بۇلار يېزا ئىستېمالىنىڭ ئېشىشىنى چەكلەپ قويماقتا.

## 3. تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېزا بازارلىرىنى ئېچىش كېرەك

بىرىنچى، تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، يېزا بازارلىرىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك. يېزىلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى سەۋىيىسى ۋە ئىستېمال ئېھتىياجىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشى دېھقانلار كىرىمىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىغا باغلىق بولىدۇ. شۇڭا، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم قىلغاندىلا، ئاندىن يېزا بازارلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ. دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ يولى - سىياسەتلىرىمىز دېھقانلارغا پايدىلىق بولۇش، پۈتۈن جەمئىيەت دېھقانلارغا كۆڭۈل بۆلۈش.

(1) يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ سەرخىللاشتۇرۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ سەرخىللاشتۇرۇش - يېڭى ۋەزىيەتتە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسلىق يولى. نۆۋەتتە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش بىرقەدەر يېتەرلىك بولۇشتەك پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بازارنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سەرخىللاشتۇرۇش، كۆپ خىللاشتۇرۇش ۋە باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇپ قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئۈنۈمىنى ئۈنۈۋېرسال ئاشۇرۇش كېرەك. ھازىرقى ھالقىلىق مەسىلە - خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش، سورتلارنى ياخشىلاش ئارقىلىق بازار تەلىپىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا ماسلىشىپ، بازار تەلىپىنى داۋاملىق ئېچىش، سۈپىتى ياخشى مالغا ئۈستۈن باھا قويۇش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىدە يۇقىرى ئۈنۈمنى ئىشقا ئاشۇرۇش، كۆپ خىل ئىگىلىكنى ئاكتىپ راۋاجلاندۇرۇش، بولۇپمۇ ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى ئۆز رايونىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، باقمىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئاشلىقنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بۇ - ھەم نۆۋەتتىكى ئاشلىق سېتىش قىيىن بولۇشتەك گەۋدىلىك زىددىيەتنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق، ھەم دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئۈنۈملۈك ئاشۇرۇشقا پايدىلىق.

(2) يېزا ئىگىلىكنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يېزا ئىگىلىكنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرغاندا ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش قاتارلىق ھالقىلارنى بىر گەۋدە قىلىپ؛ مەھسۇلات قىممىتىنى قاتلاممۇ قاتلام ئاشۇرغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار ھەم ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىدىن مەنپەئەت ئالالايدۇ، ھەم پىششىقلاپ ئىشلەش، ئوبوروت ساھەلىرىدىن كېلىدىغان پايدىغا ئورتاقلىشالايدۇ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى بىر قەدەر زور ھەجىمدە ئاشىدۇ. بىر قەدەر كۈچلۈك بازار ئېچىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بىر تۈركۈم باشلامچى كارخانىلارنى نۇقتىلىق يۆلەپ، كارخانا بىلەن دېھقانلار ئائىلىلىرىنى مەنپەئەتداش ئورتاق گەۋدە قۇرۇشقا يېتەكلەپ، يېزا ئىگىلىكنى كەسپلەشتۈرۈشنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بولۇپمۇ يېزىلاردىكى تۈرلۈك ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ، يېزىلاردا كەسپىي جەمئىيەت، بىرلەشمە، پاي ھەمكارلىق قاتارلىق تۈزۈمى ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنى راۋاجلاندۇرۇشنى يېزا

ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

(3) پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. پەن - تېخنىكا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئاشۇرۇشقا ئىمكان بېرىدىغان تېخنىكىلاردا مۇھىم ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇش بىلەن بىرگە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ۋە يېزا ئىگىلىكنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا ئىمكان بېرىدىغان تېخنىكىلاردا مۇھىم ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش لازىم. يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش سىستېمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كېڭەيتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىلغار پەن - تېخنىكىنى ھەقىقىي تۈردە يېزىلارغىچە، ئائىلىلەرگىچە كېڭەيتىش كېرەك.

(4) يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، كىچىك شەھەر - بازار قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك. يېزا - بازار كارخانىلىرى - دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىگىلىك يارىتىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ ۋە قۇرۇلمىنى تەڭشەشنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، مەھسۇلاتنى يېڭىلاش ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىش جەھەتلەردە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. كىچىك شەھەر - بازارلارنى راۋاجلاندۇرۇش ھەم يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىزچىل، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق، ھەم ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۈچۈن كۆپلىگەن يېڭى ئىش ئورنىنى يارىتىپ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. كىچىك شەھەر - بازارلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش - يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، شۇنداقلا يېزا بازارلىرىنى جانلاندۇرىدىغان، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىدىغان زور ئىستراتېگىيە. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھېسابلىشىچە، مەملىكەت بويىچە شەھەر - بازار ئاھالىسىنىڭ نىسبىتى 1 پىرسەنت ئۆسسە، پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 1.4 پىرسەنت يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، تاۋار سېتىش سوممىسى 40 مىليارد يۈەندەك ئاشىدىكەن، بۇنىڭ تەسىرىدە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 0.5 پىرسەنت ئاشىدىكەن. جايلارنىڭ كىچىك شەھەر - بازار قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، ئۇنى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشى بويىچە ئىلگىرى سۈرۈپ، كىچىك شەھەر - بازار نوپۇس تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، كىچىك شەھەر - بازارلارنى پىلانلاش ئىشىنى ياخشى ئىشلەش، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كىچىك شەھەر - بازارلارنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم.

ئىككىنچى، يېزىلارنىڭ ئىستېمال مۇھىتىنى ياخشىلاپ، يېزا بازارلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كەڭ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال تەلىپى «تۇرالغۇ ئۆي» نى مەركەز قىلىشتىن «تۇرالغۇ ئۆي» ۋە «ئىستېمال» نى مەركەز قىلىشقا يۈزلەندى. ئۇلارنىڭ چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشقا ئاجراتقان خىراجىتى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ، رەڭلىك تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، ئۈنئالغۇ، كىرئالغۇ قاتارلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى ئاساسىي ئىستېمال ئوبيېكتى قىلغان

يېڭى ئىستېمال قىزغىنلىقى شەكىللىنىشكە باشلىدى. شۇڭا بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېزىلارنىڭ توك ئىشلىتىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، توك باھاسىنى چۈشۈرۈشىمىز؛ سۇ مۇئەسسەسەلىرىنى ياخشىلاپ، تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز؛ پوچتا ـ تېلېگراف ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئالاقىلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلىشىمىز؛ تېلېۋىزورنىڭ قوبۇل قىلىش، قاپلىنىش كۆلىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى قاتارلىقلارنى رېمونت قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىستېمالچىلارنى سېتىۋېلىشتىن كېيىنكى غەم ـ قايغۇدىن خالاس قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېزا بازارلىرىدا قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، ناچار، ساختا مەھسۇلات ياساش، يۆتكەش، سېتىش قاتارلىق دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارنى قاتتىق جازالاپ، يېزا بازارلىرىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، ئىشەنچلىك بولۇش ئاساسىدا ساغلام تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، تىجارەت سىستېمىسى ۋە تىجارەت ۋاستىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئۈنۈملۈك تىجارەت ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، ئىلمىي تىجارەت تورىنى شەكىللەندۈرۈش، جانلىق تىجارەت ۋاستىسىنى قوللىنىش ـ كارخانىلارنىڭ يېزا بازارلىرىنى ئېچىشتىكى مۇھىم ئامىل. شۇنىڭ ئۈچۈن:

(1) يېزىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يېزا بازارلىرىنى ئىنچىكە ئايرىش كېرەك. بازارلارنى ئىنچىكە ئايرىش ـ تىجارەت خىزمىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئاساسىدۇر. يېزا بازارلىرىدا رايونلار تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىز بولۇشى ۋە ئىستېمال ئادىتى پەرقىنىڭ بىر قەدەر چوڭ بولۇشىدەك ئالاھىدىلىك گەۋدىلىك بولغاچقا، يېزا بازارلىرىنى ئىنچىكە ئايرىش ئىنتايىن زۆرۈر. ئەگەر كارخانىچىلار بازارلارنى ئىنچىكە ئايرىماي، پۈتۈن مەملىكەتتە بىرلا خىل ئەندىزىنى قوللىنىدىغان بولسا، يېزا بازارلىرىدا چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ.

(2) يېزىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان تاۋارلارنى ئېچىش كېرەك. يېزىلارنىڭ ئىستېمالىنى شەھەرلەرنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن زور پەرق مەۋجۇت. ئەگەر بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلماي، پەقەتلا شەھەر بازارلىرىنى ئېچىش ئەندىزىسى بويىچە يېزا بازارلىرىغا يۈرۈش قىلغاندا، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش ئايرىلىپ كېتىشتەك ھالەت شەكىللىنىدۇ. شۇڭا، كارخانىچىلار بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلسا چوقۇم ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ.

(3) سېڭىپ كىرىش ۋە باھانى بېكىتىش تاكتىكىسىنى قوللىنىش كېرەك. مەملىكىتىمىزدە يېزا ئاھالىلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، غايەت زور بازار يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە؛ شۇنداقلا دېھقانلارنىڭ كىرىمى ۋە تۆلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئېھتىياجى ئىنتايىن تۆۋەن بولغاچقا، يوشۇرۇن بازارنى رېئال ئېھتىياجغا ئايلاندۇرۇش ئىنتايىن قىيىن. بۇنداق ئەھۋالدا، كارخانىچىلار مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپ، نەزەرنى يىراققا تاشلاپ، تۆۋەن باھالىق بازارغا سېڭىپ كىرىش تاكتىكىسىنى قوللىنىش كېرەك.

(4) تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىدىن پايدىلىنىپ، سېتىش تورى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى يېزا بازارلىرى تىجارىتىدىكى ئاساسلىق يول. شۇڭا چوڭ تىپتىكى كارخانىلار تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ۋاكالىتەن سېتىش شەكىللىرىدىن، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ تور شەكىللەندۈرۈش ئالاھىدىلىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

(5) تۈرلۈك شەكىلدىكى سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئەنئەنىۋى ئىستېمال ئادىتى ۋە ئەمەلىي كىرىمنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، يېزا (ئاخىرى 56- بەتتە)

# ئامېرىكا بازار ئىگىلىكى ئەندىزىسىنىڭ ئېلىمىز ئىگىلىكىگە بولغان ئۆرنەكلىك رولى

ھۆرنىسا ئىبراھىم

دۇنيا ئىقتىسادى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ھەرقانداق بىر دۆلەت، رايون ۋە مىللەت ئۆز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشىنى خالىمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق ئىقتىساد ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر كاتېگورىيە بولۇپ، ئۇ نوپۇس، جۇغراپىيىلىك مۇھىت، يەن - مەدەنىيەت ساپاسى، بايلىق مەنبەسى، تارىخىي تەرەققىيات، باشقۇرۇش سەۋىيىسى قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ. ئىقتىسادنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش، قانداق ئىگىلىك تىكلەش ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا باغلىق. ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئاساسى، ئاڭ فورماتسىيىسىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان ئۆزىگە خاس ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلىنى قوللىنىدۇ. بۇ ئادەتتە، تاۋار ئىگىلىكى، پىلانلىق ئىگىلىك ۋە بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بازار ئىگىلىكى بازار رىقابىتى، تەلەپ - تەمىنلەش ئۆزگىرىشى، باھا تەۋرىنىشى ۋە مەبلەغنىڭ ئەركىن ئېقىشى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش، تەقسىمات ۋە ئىستېمالنى تەشكىللەيدىغان بولۇپ، ئۇ نېمە ئىشلەپچىقىرىش، قانچىلىك ئىشلەپچىقىرىش، قانداق ئىشلەپچىقىرىش ۋە كىم ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت تۆت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، ئامېرىكا كۆپ پارتىيىلىك پارلامېنت تۈزۈمىدىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەت. ئۇ 1776 - يىلى مۇستەقىللىق ئېلان قىلغاندىن بۇيانقى ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋامىدا، پۈتۈن دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتكە ئايلىنىپ، خەلقئارادا ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى تىكلىدى. بۇ نەتىجىلەرنى ئۇنىڭ قوللانغان ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ۋاسىتىلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

تاۋار ئىگىلىكى ۋەزىيىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئەڭ بۇرۇن غەرب ئەللىرىدە بارلىققا كېلىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ ۋە بېيىپ بازار ئىگىلىكىگە تەرەققىي قىلغان. شۇڭا، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى تەتقىق قىلغاندا ئالدى بىلەن غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئامېرىكىنىڭ بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان بۇنداق بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ھەرگىز غەرب ئەللىرىنىڭ پاتېنت بۇيۇمى ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق بايلىقى. دۇنيادىكى ھەرخىل بازار ئىگىلىكى ئەندىزىلىرىنىڭ بىزنىڭكىدەك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى كېيىن يېتىلگەن دۆلەتكە نىسبەتەن ئاكتىپ ئۆرنەكلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى تەبىئىي. «جۇڭگوچە ئالاھىدىلىك»نى باھانە قىلىپ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق، ئېسىل مەنىۋى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ماددىي بايلىقلىرىنى چەتكە قېقىشقا، دۇنياۋى ئورتاق تەرەققىيات يولىدىن چەتنەشكە ھەرگىز بولمايدۇ. لېكىن، شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، ھەرقانداق ئەندىزىنىڭ

جۇڭگوغا ئۆرنەك بولالىشى ناتايىن، ھەممىسىنى قاراقويۇقلا قوبۇل قىلىپ، كىيىمگە ئوخشاش ئەكىلىپلا كىيىشكە بولمايدۇ، چوقۇم ئۇنىڭ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىش، ئىجادىي تاللاپ، ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە ماس كېلىدىغان، ئىشلىتىشكە بولىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

بازار ئىگىلىكىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئەمما ئەڭ نازۇك نۇقتا ـ بازاردىكى تەمىنلەش ـ تەلەپ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدۇر. قارىماققا بۇ تولىمۇ ئاددىي ئۇقۇمدەك قىلىسمۇ، ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇنلار ناھايىتى مۇرەككەپ بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىمى بايلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. چۈنكى، ھەرقانداق بايلىق چەكلىك بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرى بولسا مەڭگۈ چەكسىز بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتىدىغىنىمىز قانداق قىلىپ ئەڭ تۆۋەن سەرپىيات ئارقىلىق ئەڭ يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ خەلقئارالىق تونۇلغان مەسىلىدۇر. ئامېرىكا خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى دۆلەت بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى كارخانا، شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى شەخسلەرنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇپ، نېمە ئىشلەپچىقىرىش، قانچىلىك ئىشلەپچىقىرىش، قانداق ئىشلەپچىقىرىش ۋە كىم ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشنى شۇ شىركەتنىڭ مەسئۇل دائىرىلىرى بەلگىلەيدۇ. بىراق ئۇلار ھەرگىز ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشىغا تايانماستىن، بەلكى بازاردىكى تەلەپ ـ تەمىنلەش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىش كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت پائالىيىتىنىڭ ھەممىسى بازار مېخانىزمى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھۆكۈمەت ياكى تەشكىلىنىڭ ھېچقانداق ئارىلىشىۋېلىشىغا، چەكلىشىگە ئۇچرىمايدۇ، پەقەت خەلقئارادا چەكلەنگەن ئوق ـ دورا، زەھەرلىك بۇيۇم قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىشنى چەكلەش جەھەتتىلا ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى بولىدۇ. دېمەك، ئۇلاردا ماكرو جەھەتتىن ئەركىن بولۇش، مىكرو جەھەتتىن تىزگىنلەش يولىغا قويۇلىدۇ.

جۇڭگو ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك دۆلەت بولۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساس قىلىنىدۇ. شۇڭا كارخانا، شىركەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە ياكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدە بولۇپ، ئۇلارغا ئاساسەن دۆلەت بىر تۇتاش ئىگىدارلىق قىلغان، نېمە ئىشلەپچىقىرىش، قانچىلىك ئىشلەپچىقىرىش، قانداق ئىشلەپچىقىرىش، كىم ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشنى دۆلەت بىر تۇتاش پىلان ئارقىلىق بەلگىلىگەن، ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت پائالىيىتىنىڭ ھەممىسى پىلان بويىچە بولغان. مانا بۇ جۇڭگونىڭ ئىلگىرىكى ئىگىلىك باشقۇرۇشىدىكى بىر سەۋەنلىك ئىدى. نۆۋەتتە ماكرو جەھەتتىن پىلان ئارقىلىق تەڭشەش ـ تىزگىنلەش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىر بالداق يۇقىرى ئۆرلىدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەرەققىياتى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىدى. ھازىر بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى نىشان قىلغان ئاساستا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئەندىزىسىنى، يەنى جۇڭگوچە بازار ئىگىلىكى ئەندىزىسىنى قانداق بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش نۆۋەتتە بىز دۇچ كېلىۋاتقان ئاساسلىق تېمىلارنىڭ بىرى. بۇ جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ بازار ئىگىلىكى ئەندىزىسى نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى بولۇپمۇ بازار ئىگىلىكى ھەرىكەت مېخانىزمى ۋە دۆلەتنىڭ بازارغا بولغان تەڭشەش ـ كونترول قىلىش ئۇسۇللىرى بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزغا، ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئامېرىكا دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ياپونىيە ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ كۈنسېرى تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكىنىڭ خەلقئارادىكى ئىقتىسادىي ئورنى تۆۋەنلەشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي ئاساسىغا تايىنىپ، ئەمەلىي كۈچ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى يەنىلا

ساقلاپ كەلمەكتە. شۇڭا، بىز ئۇنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆز تەرەققىياتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز، ئۆزىمىزگە خاس بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك:

1. بازار ئىگىلىكىنىڭ مۈلۈكچىلىك ئاساسى ۋە كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش. ھەرقانداق بازار ئىگىلىكى كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئامېرىكا بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىزدە بۇ جەھەتتە بىرقەدەر چوڭ پەرق مەۋجۇت. ئامېرىكا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى قوشۇمچە قىلغان بولۇپ، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبنى تەڭ راۋاجلاندۇرغان. بىزدە بولسا خېلى بىر مەزگىلگىچە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك قاتارلىق كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىب بىللە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىقتىسادىي تەركىبلەر ئاساسلىقى: ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىك، چەت ئەل مەبلىغى ئىگىلىكى ۋە كۆپ خىل شەكىلدىكى بىرلەشمە ئىگىلىك ۋە ھەمكارلىق ئىگىلىكىدىن ئىبارەت.

ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك ئاساس، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك قوشۇمچە قىلىنغان ھازىرقى شارائىتتا، ئامېرىكىنىڭ ئەركىن كارخانا تۈزۈمىگە ئوخشاش بولغان بىر خىل كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش لازىم. بۇ خىل كارخانا تۈزۈمى كۆپ قىسىم كارخانىلارنىڭ، ھەتتا دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۇستەقىل تىجارەت قىلىدىغان، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرالايدىغان مۇستەقىل ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، يەنە كۆپ قىسىم تارماق ۋە كەسىپلەرنىڭ قانۇن بويىچە تىزىمغا ئالدۇرۇپ تۈزۈم بويىچە باج تاپشۇرۇپ يېڭى كارخانا بولۇپ قۇرۇلۇشىغا ۋە ئەركىن ھالدا رىقابەتكە قاتنىشىشىغا يول قويۇلىدۇ. كارخانا شەكلىدە، ئامېرىكىنىڭ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، يەككە كەسىپ تۈزۈمى، شېرىكلىشىش تۈزۈمى، شىركەت تۈزۈمى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق كارخانا تەشكىللەشكىمۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ئۆز ئەھۋالىمىزغا ماس كېلىدىغان يېڭى تىپتىكى شىركەت تەشكىلىي شەكلىنى بەرپا قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

2. مۇكەممەل بولغان تاۋار ۋە مۇلازىمەت بازىرى بەرپا قىلىش. مەملىكىتىمىزنىڭ تاۋار ۋە مۇلازىمەت بازىرى خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، يەنىلا مۇكەممەل ئەمەس. كونا تۈزۈلمىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭدا تارماقلار، رايونلار ئايرىۋېتىلگەن، باھا سىستېمىسى بىرلىككە كەلمىگەن، رىقابەت يېتەرلىك بولمىغان، بازار ئايلىنىشىنىڭ قانۇنىيىتى مۇكەممەل ئەمەس. سودا تەرتىپلىرى قېلىپلاشمىغان، قانۇن - ئىنتىزام سىستېمىسى شەكىللەنمىگەن. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ بىر قەدەر تۆۋەن بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسىنىڭ ئانچە يۇقىرى بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، بىزدە تولۇق رىقابەت بازىرىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى ئامېرىكىنىڭكىدىن چوڭ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مەملىكىتىمىز يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈۋاتقاچقا، قايسى كەسىپنىڭ قايسى خىل بازار شەكلىنى قوللىنىشىنى ئاشۇ ئوخشاش بولمىغان كەسىپنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالىغا ئاساسەن بېكىتىش كېرەك.

بازار باھا سىستېمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى جەھەتتە، مەملىكىتىمىزدە نۆۋەتتىكى باھا ئىسلاھاتىدا ئاساسلىقى قويۇۋېتىش، تەڭشەش، بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىۋاتقان بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا كۆپ خىل تاۋارلارنىڭ ۋە مۇلازىمەتنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلىپ، باھا بازاردىكى تەلەپ - تەمىنلەشنىڭ ئېرىمومېتىرى ۋە تەڭشىگۈچىسى قىلىنىدۇ، ھەمدە تەدرىجىي ھالدا خەلقئارا بازار باھاسى بىلەن

بىرلەشتۈرۈلىدۇ. لېكىن بەزىبىر ئاساسىي تاۋارلارنىڭ باھاسىنى يەنىلا دۆلەت كونترول قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئاشلىق قاتارلىق دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىغا نىسبەتەن باھا قوغدىلىشى كېرەك.

ئامېرىكىنىڭ سودىسى بىرخىل تەرەققىي تاپقان ھازىرقى زامان سودىسى بولۇپ، مەيلى تاۋار ئوبوروت يوللىرى، توپ ۋە پارچە سېتىش سىستېمىلىرى جەھەتتە بولسۇن، ياكى ھازىرقى زامان سودا تەشكىلىي شەكلى، باشقۇرۇش ئۇسۇلى جەھەتتە بولسۇن، بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ۋە ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. مەسىلەن، مەملىكىتىمىز نۆۋەتتە توپ تارقىتىش بازىرى، قەرەللىك مال بازىرى قاتارلىق جەھەتلەردە يەنىلا ئىنتايىن ئاجىز، ئوبوروت ساھەسىدە ئوبوروت يوللىرى راۋان ئەمەس، تەرتىپ قالايمىقان، بۇ جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

3. كاپىتال، ئەمگەك كۈچى، يەر - زېمىن قاتارلىق ئامىللار بازىرىنى يېتىلدۈرۈش. ئېلىمىزدىكى بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى نىشان قىلغان ئىسلاھاتنىڭ قىيىن نۇقتىسى بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت. كاپىتال بازىرىدىن قارىغاندا، ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى كاپىتال بازىرىدا مەبلەغنى يەنىلا دۆلەت بانكىسى تەمىنلەۋاتىدۇ، مالىيە مەبلىغى، دېبىت - كرېدىت مەبلىغى يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇۋاتىدۇ. ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ مەبلەغ تەلەپ - تەمىنلىشىدىكى تەڭشەش رولى چوڭ ئەمەس، ئاكسىيە بازىرى تېخى ئەمدى يېتىلىۋاتىدۇ، پۇتكۈل كاپىتال بازىرى قېلىپلاشمىغان، مۇكەممەللەشمىگەن. دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىشقا، يەنى بانكا تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، غەيرىي بانكا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتلىرىنى ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاكسىيە بازىرىنىڭ يېتىلىشىنى تېزلىتىش، ئايلىنىشى تەرتىپلىك بولغان كاپىتال بازىرىنى قۇرۇشقا بولىدۇ.

ئەمگەك كۈچى بازىرى جەھەتتە، ئەمگەك كۈچلىرى بىر ئورۇنغا باغلىنىپ قېلىشتەك ئەھۋالنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەركىن ھالدا خىزمەت تاللىشىغا يول قويۇش، ئەمگەك كۈچلىرىنى بازار رىقابىتى ئارقىلىق تەقسىم قىلىشنى يولغا قويۇش كېرەك. يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى شۇ يەردىكى كارخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى ئۇلارغا شەھەر ئاتلاپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت مۇۋاپىق سىياسەت ئارقىلىق يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىش مەسىلىسىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئېلىمىز ئەمگەك كۈچى بازىرىدا قۇرۇلما جەھەتتىكى تەلەپ - تەمىنلەش زىددىيىتى خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە ساقلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى: بىرى، كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرى، تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى، ماھىرلىق ئىشچىلار كەمچىل؛ يەنە بىرى، ئادەتتىكى ئەمگەك كۈچى، پىشمىغان ئەمگەك كۈچلىرى ھەددىدىن زىيادە ئارتۇق ۋە ئىشسىزلار كۆپ. بۇ زىددىيەتنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆرنەك قىلىپ، خەلققە قارىتىلغان ئاساس مائارىپ تەربىيىسىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، كەسپىي تەربىيىنى ۋە كەسىپ ئۈستىدە تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

يەر - زېمىن بازىرى جەھەتتە ئېلىمىز ئەمدىلا تۇنجى قەدەمنى باستى. يەر - زېمىن، ئولتۇراق ئۆي باھاسى ۋە ئىجارە ھەققىنى بېكىتىش، سودىلىشىش ئۇسۇل - قائىدىلىرى، باشقۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

4. مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش. ئامېرىكىدا قوشما شتاتلار ھۆكۈمىتى بىلەن ئىشتات ھۆكۈمىتى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى

ئىش تەقسىماتى ۋە مەسئۇلىيەت ئېنىق ئايرىلغان بولۇپ، ئامېرىكىنى مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا نىسبەتەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان دۆلەت دېيىشكە بولىدۇ. ئېلىمىزدىمۇ ئامېرىكىنىڭ ئەركىن كارخانا تۈزۈمىدەك بىرخىل كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشكەن بازار تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش، مۇشۇ ئاساستا، مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى، مەركەز بىلەن يەرلىك ئوتتۇرىسىدىكى مالىيە كۈچى تەقسىمات مەسىلىسىنى، مالىيە چىقىمىنىڭ يۆنىلىشى ۋە قۇرۇلمىسى مەسىلىسىنى، ئاساسىي ئەسلىھەلەر ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەتنىڭ قايسىلىرىغا مەركەز، قايسىلىرىغا يەرلىك مەسئۇل بولۇشىنى، شۇنداقلا ماكرو ئىقتىسادىي باشقۇرۇش هوقۇقىنى قانداق تەقسىم قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

5. هۆكۈمەتنىڭ بازار تىجارەت پائالىيىتىگە مۇۋاپىق قاتنىشىشىنى كۈچەيتىش. نۆۋەتتىكى بىر مۇھىم ۋەزىپە هۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش، هۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش، هۆكۈمەتنى ئىشلەپچىقىرىش - ئوبوروت پائالىيىتىدىكى بىۋاسىتە تەشكىللىگۈچىدىن بازارغا نىسبەتەن ماكرولۇق، ۋاسىتىلىك تەڭشەش ئېلىپ بارىدىغان باشقۇرغۇچىغا ئايلاندۇرۇش. لېكىن بۇ هەرگىز هۆكۈمەتنى بازار تىجارەت پائالىيىتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ چىقىش كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. ئامېرىكىنىڭ بازار ئىگىلىكى ئەندىزىسىدىن قارىغاندا، هۆكۈمەت بازار پائالىيىتىگە بىرقەدەر ئاز ئارىلىشىدۇ، بىر قىسىم مۇھىم ئاساسىي ئەسلىھەلەر ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت بۆلۈملىرى تىجارەت خاراكتېرىدە بولىدۇ. ەمەلىكىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، هۆكۈمەتنىڭ بازار تىجارەت پائالىيىتىگە قانچىلىك دائىرىدە قاتنىشىشى، خەلق ئىگىلىكىنى ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش - كونترول قىلىشنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش كېرەك. لېكىن هۆكۈمەتنىڭ بازار تىجارىتىگە قاتنىشىش دائىرىسى جەھەتتە مۇنداق ئىككى نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ: بىرى، ئامېرىكىغا ئوخشاش دۆلەت پەقەت خۇسۇسىي تىجارەت كارخانىلىرىغا ماس كەلمەيدىغان ياكى خۇسۇسىي تىجارەت كارخانىلىرى تىجارەت قىلىشنى خالىمايدىغان كەسىپنى تىجارەت قىلىش؛ يەنە بىرى، هۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە تىجارەت پائالىيىتى ئىقتىسادنى ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشنىڭ بىر خىل زۆرۈر ۋاسىتىسى بولغان چاغدا، هۆكۈمەت چوقۇم بىۋاسىتە تىجارەت قىلىش كېرەك.

6. مالىيە - پۇل سىياسىتىنى ئاساسىي ۋاسىتە قىلغان هۆكۈمەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش. ئامېرىكىنىڭ مالىيە سىياسىتى، پۇل سىياسىتىنى ئاساسىي ۋاسىتە قىلغان ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش سىستېمىسى بىر خىل ئۈنۈملۈك بازار ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىدۇر. مەملىكىتىمىز بازار ئىگىلىكىدە تەڭشەش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇشتا ئالدى بىلەن هۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئىش تەقسىماتى مۇۋاپىق، هوقۇق - مەسئۇلىيىتى ئېنىق، ئىنچىكە، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، شۇ ئاساستا ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، بايلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، مال باھاسىنىڭ مۇقىملىقى ۋە خەلقئارا كىرىم - چىقىم بالانسىنى ئاساسىي نىشان قىلىشى، مۇۋاپىق مالىيە سىياسىتى، باج تۈزۈمى ۋە پۇل مۇئامىلە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مەركىزىي بانكىنىڭ دىسكونت نىسبىتى، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەييارلىق نىسبىتى، ئاشكارا بازار مۇلازىمىتى، دېبىت - كرېدىت قاتارلىق ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىگە بولغان ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشى لازىم.

7. بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان كىرىم تەقسىماتى ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمى ئورنىتىش.

ئامېرىكىدا ئوخشاش بولمىغان قاتلاملارنىڭ كىرىم سەۋىيە پەرقى ناھايىتى چوڭ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنىڭ دەرىجىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولىدۇ. بۇ ناھايىتى چوڭ دەرىجىدە باراۋەرلىكنى قۇربان قىلىپ ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر ئۈنۈم يۇقىرى بولسا، ئىجتىمائىي بايلىق تېز ئاشىدۇ. مەملىكىتىمىزدە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىرىم پەرقى تەدرىجىي چوڭايماقتا. بۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۈنۈم بىلەن باراۋەرلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش نۆۋەتتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. بۇنىڭ ئۈچۈن، كىرىم تەقسىماتى جەھەتتە بازار تەقسىماتىنى ئاساس قىلىش، ھۆكۈمەت باج، باشقۇرۇش ھەققى قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق قايتا تەقسىملەشنى يولغا قويۇش، ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا باراۋەرلىك بىلەن ئۈنۈمنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ ساغلام بولغان ھەر خىل سۇغۇرتا ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش تۈزۈملىرىنى تەدرىجىي ئورنىتىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، پېنسىيىگە چىققانلار، ئىشسىزلار، مەجرۇھلار ۋە نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا ئېتىبار بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش لازىم.

8. ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئىقتىسادنى تەدرىجىي خەلقئارالاشتۇرۇش. بىز بەرپا قىلماقچى بولغان بازار ئىگىلىكى ئەندىزىسى چوقۇم ئوچۇق ئەندىزە بولۇشى، خەلقئارا بازار بىلەن تۇتاشقان بولۇشى كېرەك. باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد ـ سودا ئالاقىسى، تاۋار ئىمپورت ـ ئېكسپورتى ۋە كاپىتال كىرگۈزۈش ـ چىقىرىش ئارقىلىق ئېلىمىز بازارلىرىنىڭ يېتىلىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. بۇنىڭدا سودىنى قوغداش سىياسىتى ۋە ئەركىن سودا سىياسىتىنى قايچىسىمان قوللىنىش، يەنى ماشىنا سانائىتىگە ئوخشاش دۆلەت ئىچىدىكى بالا سانائەتكە نىسبەتەن قوغداش سىياسىتىنى، توقۇمىچىلىق سانائىتىگە ئوخشاش بىر قەدەر يۇقىرى بازار رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان كەسىپلەرگە قارىتا ئەركىن سودا سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش، بازار كېڭەيتىش جەھەتتە تېخنىكا، ماتېرىيال ۋە مەبلەغ قاتارلىقلاردىكى يېتىشمەسلىكنى دۆلەت سىرتىدىكى تېخنىكا، بايلىق قاتارلىقلار ئارقىلىق تولۇقلاش لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ياشلارغا بولغان پەن ـ مائارىپ تەربىيىسىنى ئىزچىل كۈچەيتىپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش، ئۇلارنى پەن ـ تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغان ئەللەرگە ئوقۇشقا، تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىپ، ئىلغار تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇش، ئەڭ مۇھىمى ياشلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى شەخسىيەتچىلىكنى تازىلاپ، ئۇلارنى دۆلەتكە، مىللەتكە، كەلگۈسىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش لازىم.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدا ئىشلەيدۇ)

**جاۋابكار مۇھەررىر: ئابدۇكېرىم ماموت**

# شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىسى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى

رازىيە مۇھەممەت

مۇھىت مەسىلىسى ئىنسانلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشى ۋە راۋاجلىنىشىدىكى مۇھىم مەسىلە بولۇش سۈپىتى بىلەن، بارغانسېرى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. تەرەققىيات، بايلىق، نوپۇس ۋە مۇھىت مەسىلىسى نۆۋەتتە شىنجاڭ دۇچ كېلىۋاتقان تۆت چوڭ ئىستراتېگىيىلىك مەسىلە. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىت مەسىلىسى شىنجاڭنىڭ بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەم ئۇنى چەكلەيدىغان ھالقىلىق ئامىل. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، مۇھىتنى قوغداپ، تەبىئىي بايلىقلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش شىنجاڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاساسىي تەدبىرىگە ئايلاندى. بۇنداق ئەھۋالدا شىنجاڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مۇھىت مەسىلىسىگە بولغان ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1. شىنجاڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى**

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، مۇھىت ئاسراشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن- نىزاملارنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، مۇھىت ئاسراش خىزمىتىدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. يەر بايلىقى كەڭ كۆلەمدە ئېچىلىپ، كونا - يېڭى بوستانلىقلار تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى. سۇ بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلىپ، مۇھىتنىڭ سىغىمچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شىنجاڭنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 1.03 پىرسەنتتىن 1.68 پىرسەنتكە كۆتۈرۈلدى. لېكىن ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى يەنىلا ئېغىر بولۇپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى تېرىلغۇ يەرلەر تەدرىجىي ئازىيىپ، 1997- يىلى كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.2 مو يەر توغرا كەلگەن. سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىش كۆلىمى 146 مىڭ گېكتارغا يەتكەن. يېقىنقى 30 يىلدا قۇملاشقان يەر 49 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن. ئازاتلىقتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدا 15 مىليون مو يەر شورلىشىپ كەتكەن، 120 مىليون گېكتار ئوتلاق كۆلىمى ناچارلىشىپ كەتكەن. نۆۋەتتە 87 ناھىيە، شەھەرنىڭ 50 نەچچىسىدە چۆللىشىش ئەھۋالى مەۋجۇت. ئۈچتىن ئىككى قىسىم يەر، 12 مىليوندىن كۆپرەك كىشى چۆللىشىش تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا. يەرلەرنىڭ قۇملىشىشى

ھەر يىلى 350 كۋادرات كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن كېڭەيمەكتە. ھەر يىلى 467 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر كەلكۈن ئاپىتىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا. سۇ ئازىيىپ، شىنجاڭدىكى كۆللەرنىڭ ھەجمى 50- يىللاردىكى 9700 كۋادرات كىلومېتىردىن 70- يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 4748 كۋادرات كىلومېتىرغا چۈشۈپ قالغان. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھازىرقى سۇ ئامبارلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى لاي - لاتقىلار بىلەن تىنىپ كەتكەن.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تۈرى، سانى ئازىيىپ، تارقىلىش دائىرىسى كىچىكلەپ كەتكەن. تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى قويۇق توغراقلىقلاردىكى يولۋاس، يىلپىز، بۇغا، ياۋا تۆگە تۇپلىرى ئىز - دېرەكسىز يوقالغان. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋە دەل - دەرەخلەر قالايمىقان يىغىلىپ ۋە كېسىلىپ زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتكەن. 1958- يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا 6 مىليون 900 مىڭ مو توغراقلىق بار ئىدى. 1996- يىلىغا كەلگەندە 1 مىليون 700 مىڭ موغا چۈشۈپ قېلىپ 75 پىرسەنت ئازايغان. چۇچۇك بۇيا قالايمىقان قېزىلىپ 500 مىڭ مو ئوتلاق نابۇت بولغان. 2 مىليون 247 مىڭ مو چاكاندىلىق ھازىرقى 800 مىڭ موغا چۈشۈپ قېلىپ 67.6 پىرسەنت ئازىيىپ كەتكەن.

1995- يىلى شىنجاڭدا سانائەتتىن چىقىرىۋېتىلگەن كېرەكسىز سۇنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 20.3 پىرسەنت، بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى 18.7 پىرسەنت، سانائەت چاڭ - توزانلىرىنى يىغىۋېلىش نىسبىتى 42.2 پىرسەنت تۆۋەن بولغان. سانائەت كېرەكسىز قاتتىق جىسىملىرىدىن ئۇنۇۋېرسال پايدىلىنىش نىسبىتى 40.6 پىرسەنت بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 2.3 پىرسەنت تۆۋەن بولغان. 1995- يىلى مەملىكەت بويىچە كېرەكسىز گازلارنىڭ قويۇۋېتىلىش مىقدارى 1991- يىلدىكىنىڭ 1.22 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن، شىنجاڭنىڭ بولسا 1.63 ھەسسىگە يېتىپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولغان. بۇ خىل ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئورمانلارنى قالايمىقان كېسىدىغان، يەرلەرنى قالايمىقان ئاچىدىغان، ئوتلاقلارنى بۇزىدىغان، كان بايلىقلىرىنى پىلانسىز، قالايمىقان قازىدىغان، دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى قالايمىقان كولايدىغان، چەكلىك سۇ بايلىقىدىن نامۇۋاپىق پايدىلىنىپ ئىسراپ قىلىدىغان، سانائەت ۋە ماشىنىلاردىن زور دەرىجىدە كېرەكسىز گاز چىقىرىۋېتىپ ئاتموسفېرانى دەرىجىدە بۇلغايدىغان ھادىسىلەر شىنجاڭنىڭ ئەسلىدىنلا ئاجىز بولغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا چەكلەش رولىنى ئوينىماقتا.

**2. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىدىكى سەۋەبلەر**

شىنجاڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىش سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنى ئاساسلىقى تەبىئەت كۈچى ۋە ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت قوش قاتلاملىق تەسىر پەيدا قىلغان.

1) تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بولغان تەسىرى ئاساسلىقى ئۈچ چوڭ تاغ، ئىككى چوڭ ئويمانلىق تەرىپىدىن ئورالغان يېرىم بېكىنمە مۇھىت، ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە شەكىللەنگەن بىپايان چۆللۈك، قۇملۇقلارنىڭ كېڭىيىشى، ھاۋا كىلىماتىنىڭ قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاقلىقى، سۇ بايلىقىنىڭ نىسپىي كەمچىللىكى ھەم تارقىلىشىنىڭ تەكشىسىزلىكى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شالاڭلىقى، بوستانلىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىكى، يەرنىڭ شورلىشىشىنىڭ تولۇق مەنبە ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئىگە بولۇشى، نىسپىي بېكىنمە بوستانلىقنىڭ مۇھىت سىغىمچانلىقىنىڭ كىچىكلىكى، قۇم - بوراننىڭ تەھدىتى، پەسىل شامىلىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە

تەبىئىي پاكىزلىنىش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىقى، مۇھىتنىڭ ئاسان بۇلغىنىشى، ئەسلىگە كېلىشىنىڭ قىيىنلىقى قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭ يەر كۆلىمىنىڭ 62 پىرسەنتى قۇملۇق، ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 150 مىللىمېتىر بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ ئاران 23 پىرسەنتىگە توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭ زېمىنىنىڭ 27 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان شىمالىي شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقى ئاپتونوم رايونىمىز سۇ بايلىقىنىڭ 50 پىرسەنتىنى، تېرىلغۇ يېرى بولسا 4.26 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. خوتەندە يىلدا 10 بال ئەتراپىدىكى شامال 4 ـ 5 قېتىم، سەككىز بالدىن يۇقىرى شامال 60 قېتىمدىن كۆپرەك چىقىدۇ. تەبىئىي كۈچلەرنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرى ئۇزاق ۋاقىت رول ئوينايدۇ.

2) ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بولغان تەسىرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، كىشىلەرنىڭ مۇھىت ئاسراش ئېڭىنىڭ تۆۋەن بولۇشى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى خېلى بىر قىسىم پۇقرالار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار مۇھىت بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىشلىتىش بىلەن ئىشلىتىلىش مۇناسىۋىتى، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ شىنجاڭ مۇھىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، مۇھىت مەسىلىسىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە مۇھىتنىڭ قىممىتىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس. ئىشلەپچىقىرىشتا ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ۋە ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمگە سەل قاراش، ئاۋۋال بۇلغاپ ئاندىن تىزگىنلەش ھادىسىلىرى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت. بۇلار مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى. ئىككىنچى، مۇھىت ئاسراش قانۇن - تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەلسىزلىكى. قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىشنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن ئورمانلار قالايمىقان كېسىلىپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بۇزۇلۇپ، كەڭ - كۆلەمدە بوز يەر ئېچىلىپ، شىنجاڭدا سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى، ئوتلاقلارنىڭ ناچارلىشىشىنى، قۇملىشىشنىڭ كېڭىيىشىنى پەيدا قىلماقتا. مەسىلەن، مارالبېشى ناھىيىسى ئەسلى قويۇق توغراقلىق بىلەن قاپلانغان بولۇپ، پۈتۈن ناھىيىدە 4 مىليون 500 مىڭ مو توغراقلىق بار ئىدى. 1980- يىلىغا كەلگەندە ئازىيىپ 1 مىليون 500 مىڭ مو توغراقلىق قالغان. ئۈچىنچى، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ زىيادە كۆپىيىشى، شەھەر كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ يۈكىنى بارغانسېرى ئېغىرلاشتۇرماقتا. شىنجاڭنىڭ بوستانلىق كۆلىمى كىچىك بولۇپ، نوپۇسنى سىغدۇرۇش ئىقتىدارى ئىنتايىن تۆۋەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بېسىمىنى ئاشۇرۇۋەتتى. شەھەرلىشىش مۇساپىسىنىڭ تېزلىشىشى نۇرغۇن يەرلەرنى ئىگىلەپ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئازىيىشىنى پەيدا قىلىپلا قالماي، ماشىنا ئىشلىتىش مىقدارى، بۇلغانغان سۇ مىقدارى ۋە ئەخلەت مىقدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، مۇھىت بۇلغىنىشىنى ئېغىرلاشتۇرماقتا. تۆتىنچى، يىرىكلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تەبىئىي بايلىقلارنى بۇلاڭ - تالاڭ خاراكتېرىدە ئېچىش ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتماقتا. نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى سانائەت كارخانىلىرى، بولۇپمۇ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يۇقىرى سېلىنما، يۇقىرى سەرپىيات، تۆۋەن ئۈنۈم، مۇھىتنى بۇلغاش خاراكتېرىدىكى كارخانىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تېخنىكا ئۇسكۈنىسىنىڭ كونىلىقى، ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ قالاقلىقى، ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ قىسقا مۇددەتلىكلىكى زور مىقداردىكى بايلىقلارنى ئىسراپ قىلىپلا قالماي، بەلكى مۇھىتقا زور مىقداردا كېرەكسىز سۇ، كېرەكسىز گاز، كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىۋېتىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئېغىر ھالدا بۇلغىماقتا. مەسىلەن، باغراش كۆلى ئەتراپىغا جايلاشقان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئۇسكۈنىلىرى كونا، تېخنىكىسى قالاق

بولغاچقا، ھەر يىلى تەخمىنەن 20 مىليون كۇب مېتىر سانائەت كېرەكسىز سۇيىنى قايتا بىر تەرەپ قىلمايلا باغراش كۆلىگە قۇيىۋېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. بەشىنچى، ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنىڭ نامۇۋاپىقلىقى. كۆمۈرنى ئاساس قىلغان ئېنېرگىيە ئىستېمال قۇرۇلمىسى شىنجاڭ ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب. 1994- يىلىدىكى شىنجاڭ ئېنېرگىيە ئىستېمال ئومۇمىي مىقدارىدا كۆمۈر 67.9 پىرسەنتنى، نېفىت 26.6 پىرسەنتنى، تەبىئىي گاز 4.5 پىرسەنتنى، سۇ ئېلېكتر توكى 1 پىرسەنتنى ئىگىلىگەن. كۆمۈرنى ئاساسىي يېقىلغۇ قىلىشتەك بۇ خىل ئېنېرگىيە ئىستېمال قۇرۇلمىسى مۇھىتقا زور مىقداردا كېرەكسىز گاز چىقىرىپ مۇھىتنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىماقتا. ئالتىنچى، بەزى مۇھىت بايلىقىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ بولماسلىقى ياكى بىخەتەر ئەمەسلىكى كىشىلەرنىڭ مۇھىت بايلىقىنى قوغداش، بىلىش، قۇرۇش ۋە مەبلەغ سېلىش ئاكتىپلىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ قىسقا مەزگىللىك كۆزلەش ھەرىكىتىنى پەيدا قىلماقتا. مەسىلەن، ھاۋا، دەريا - ئېقىنلار، دېڭىز - ئوكيان سۇلىرىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى بولمىغاچقا، شەخسلەر بۇ بايلىقلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بەزى دېھقانلارنىڭ مۇقىم يەرنى، ئورمان، ئوتلاقلارنى ھۆددىگە ئېلىش ھوقۇقى بولمىغاچقا، پۇل خەجلەپ تۇپراقنى ياخشىلاشنى، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشنى، ئوتلاقلارنى ياخشىلاشنى خالىمايدۇ، بەزى مۇھىت بايلىقلىرىنىڭ بازىرى شەكىللەنمىگەن ياكى بازار رىقابىتى يېتەرلىك ئەمەس، باھاسى يوق ياكى باھاسى تۆۋەن. بۇ ھال مۇھىت بايلىقىنى نامۇۋاپىق، زىيادە ئېچىپ پايدىلىنىش ھادىسىسىنى پەيدا قىلىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزماقتا.

3. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش ۋە قوغداش تەدبىرلىرى

1) كەڭ - كۆلەملىك، ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىت ئاسراش قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقات تەربىيىسى ۋە مۇھىت ئاسراش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى جىددىيلىك، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى قوزغاپ، سىجىل تەرەققىيات قارىشىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتۈش تۈزۈمى، جامائەتنىڭ مۇھىت ئاسراشنى مەلۇم قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئاساسىدا، جامائەتنىڭ مۇھىت ئاسراشقا قاتنىشىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، مۇھىت ئاسراشنى پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

2) مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى قانۇن تۈرغۇزۇش، قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق مۇھىت ئاسراش كېرەك. نۆۋەتتە ئېلىمىزدە «مۇھىت ئاسراش قانۇنى» قاتارلىق ئالتە مۇھىت قانۇنى ۋە «ئورمان قانۇنى» قاتارلىق توققۇز تەبىئىي بايلىق قانۇنى تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلدى. تۈزۈلگەندىن كېيىنكى جىنايى ئىشلار قانۇنىدىمۇ «مۇھىت ۋە بايلىقنى ئاسراشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى» بەلگىلەندى. گوۋۇيۈەن «تەبىئىي قوغدىلىش رايونى» قاتارلىق 28 مەمۇرىي قانۇن - نىزامنى ئېلان قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىمۇ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇ، تۇپراق ساقلاش قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىق بىر يۈرۈش قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈپ ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مۇھىت ئاسراشتا ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولماسلىق ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىلدى. لېكىن بەزى قانۇنلار بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالمايۋاتىدۇ. شۇڭا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى «مۇھىت ئاسراش قانۇنى»غا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇش چارىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، مۇھىت ئاسراش قانۇن - تۈزۈمىنى تېخىمۇ

مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئورمانلارنى قالايمىقان كېسىش، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى قالايمىقان كولاش، دەريالارنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا قالايمىقان بوز يەر ئېچىش ھەرىكەتلىرىنى قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق ئۈنۈملۈك چەكلەپ، سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى، يايلاقنىڭ ناچارلىشىشى ۋە قۇملىشىشنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازالاش ئاساسىدا مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى قانۇن - تۈزۈم يولىغا سېلىش كېرەك.

3) نوپۇسنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تىزگىنلەش، شەھەر تەرەققىيات پىلانىنى ئىلمىي بەلگىلەش، سانائەت كارخانىلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. شىنجاڭنىڭ يەر كۆلىمى مەملىكىتىمىز يەر كۆلىمىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ئادەم ئولتۇراقلىشىشقا بولىدىغان بوستانلىق ئاران 4.26 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ، ئاھالىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ياشاش ماكانى ئىنتايىن چەكلىك. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار نۆۋەتتە شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىپ بېرىشىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا، تەبىئىي بايلىققا بولغان بېسىمىنى نەزەرگە ئېلىپ، كەسكىن، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش، بالدۇر توي قىلىپ بالدۇر پەرزەنت كۆرۈشنى چەكلىشى، ئاقما نوپۇس، ۋاقىتلىق نوپۇس، شىنجاڭغا كەلگەن خەلق ئىشچىلىرى ۋە قانۇنسىز كۆچمەنلەرنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، سىجىل تەرەققىيات قارىشى ئارقىلىق شەھەر ئومۇمىي پىلانى ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى قايتا تەكشۈرۈپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشى، سانائەت كارخانىلىرىنى قۇرغاندا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى نەزەرگە ئېلىشى، مۇھىت ئاسراشنى كارخانىنىڭ تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشى، بۇلغاش تىپىدىكى كارخانىلارنى سۇنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا، ئاھالىلار زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا، ساياھەت رايونلىرى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ رايونلىرىغا قۇرۇشقا قەتئىي يول قويماسلىقى، شەھەر قاتنىشىنى مۇۋاپىق پىلانلاپ، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ يېقىلغۇسىنى ئىسلاھ قىلىشى لازىم.

4) كارخانىلارنىڭ تېخنىكا يېڭىلاش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۈنۈمدارلىق تىپىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات يولىدا مېڭىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭنى يەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا سېلىنمىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى، ئۈزلۈكسىز تېخنىكا يېڭىلاپ ۋە ئۇنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ تەبىئىي بايلىقلارنى ئىسراپ قىلىدىغان، مۇھىتنى قۇربان قىلىدىغان، قارىغۇلارچە سان ۋە سۈرئەت قوغلىشىدىغان، يىرىكلىك تىپىدىكى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى مەھسۇلاتلارنىڭ تېخنىكىلىق تەركىبىنى ئۆستۈرىدىغان، سۈپىتىنى ياخشىلاشقا تايىنىدىغان ئۈنۈمدارلىق تىپىدىكى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىش كېرەك. ئىلگىرىكى ئىشلەپچىقىرىشتا ئاددىي ھالدىكى خام ئەشيا، دەسلەپكى مەھسۇلات ھەم ئۇنى سىرتقا چىقىرىشنى ئاساس قىلىش ئەھۋالىغا قەدەممۇقەدەم خاتىمە بېرىپ، كېرەكسىز، تاشلاندۇق نەرسىلەردىن ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىرىنى قايتا پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئېغىر ھالدا بۇلغىنىش پەيدا قىلىدىغان، تەرتىپكە سېلىنىپ تىزگىنلەنگەندىن كېيىنمۇ مۇھىت ئاسراش ئۆلچىمىگە يەتمىگەنلەرنى قەتئىي تاقاش، ۋەيران قىلىش، مەھسۇلاتى ۋە ھۈنەر - سەنئىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان، تارقاق ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارىدىغان بۇلغاش تىپىدىكى كارخانىلارنى كۆچۈرۈۋېتىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، قوشۇۋېتىش كېرەك.

5) ئېنېرگىيە ئىستېمال قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، پاكىز، يېڭى ئېنېرگىيىلەرنى (ئاخىرى 67- بەتتە)

# CS ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئېلىمىز ھازىرقى زامان كارخانىلىرىنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ جىددىي تەلىپى

يۈسۈپجان ھەمدۇل

### 1. CS ئىستراتېگىيىسى ھەققىدە چۈشەنچە

CS ئىنگلىزچە Customer Satisfaction دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، خېرىدارلارنى قانائەتلەندۈرۈش دېگەن مەنىنى، يەنى خېرىدارلارنىڭ مەھسۇلاتلارنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى قانائەتلىنىش ئەھۋالىنى بىلدۈرىدۇ. خېرىدارلارنى قانائەتلەندۈرۈش ئۇقۇمىنى ھەم ئۇنى قىسقارتىپ CS دەپ ئاتاشنى بىر ئىلمىي ئۇقۇم سۈپىتىدە 1986- يىلى ئامېرىكىلىق بىر پسىخولوگىيە ئالىمى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ـ كارخانىنىڭ بىر پۈتۈن تىجارەت پائالىيىتىدە خېرىدارلارنى قانائەتلەندۈرۈش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، خېرىدارلار مەيدانىدا تۇرۇپ، خېرىدارلار نۇقتىئىنەزىرى بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى تەھلىل قىلىش ۋە قانائەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

خېرىدارلارنى قانائەتلەندۈرۈش مۇنداق بەش جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ئىدىيىدە قانائەتلەندۈرۈش. ئۇ كارخانا تىجارەت مۇددىئاسى، تىجارەت پەلسەپىسى، قىممەت قارىشى قاتارلىقلارنىڭ خېرىدارلارنى قانائەتلەندۈرۈش ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ؛ (2) ھەرىكەتتە قانائەتلەندۈرۈش. ئۇ كارخانا ھەرىكەت مېخانىزمى، ھەرىكەت قائىدىسى، ھەرىكەت ئەندىزىسى قاتارلىقلارنىڭ خېرىدارلارنى قانائەتلەندۈرۈش ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ؛ (3) سەزگۈدە قانائەتلەندۈرۈش. ئۇ كارخانا نامى، كارخانا بەلگىسى، خاس ئۆلچەملىك يېزىقى، خاس ئۆلچەملىك رەڭلىرى، كارخانا شېئىرى قاتارلىق كۆرۈشكە، ئاڭلاشقا بولىدىغان كارخانا ئوبرازلىرىنىڭ خېرىدارلارنى قانائەتلەندۈرۈش ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ؛ (4) مەھسۇلاتتا قانائەتلەندۈرۈش. ئۇ مەھسۇلات لايىھىسى، مەھسۇلات سۈپىتى، مەھسۇلات ئىقتىدارى، مەھسۇلاتلارنىڭ قاچىلىنىشى، مەھسۇلات دەرىجىسى، مەھسۇلات باھاسى قاتارلىقلارنىڭ خېرىدارلارنى قانائەتلەندۈرۈش ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ؛ (5) مۇلازىمەتتە قانائەتلەندۈرۈش. ئۇ مۇلازىمەت ئۈنۈمى، كاپالەت سىستېمىسى، مۇكەممەللىكى، قولايلىقلىقى، كەيپىيات ياكى مۇھىت قاتارلىقلارنىڭ خېرىدارلارنى قانائەتلەندۈرۈش ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىقى بەش مەزمۇن ئىچىدە، ئالدىنقى ئۈچى كارخانىنى تەشۋىق قىلىش، خېرىدارلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرۇشنىڭ شەرتى، كېيىنكى ئىككىسى كونا خېرىدارلارنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يېڭى خېرىدارلارنى كۆپەيتىشنىڭ كاپالىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 2. CS ئىستراتېگىيىسىنىڭ دۆلىتىمىزدە قوللىنىلىش ئەھۋالى

ھازىر، مەيلى خەلقئارادا بولسۇن، ياكى دۆلەت ئىچىدە بولسۇن، بازار رىقابىتى كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ بارماقتا، بۇ ھال كارخانىلاردىن يېڭىچە بازار تىجارىتى كۆزقارىشى تۇرغۇزۇشنى، يەنى مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ نىشانلىق بازار تەلەپ قىلغان دەرىجىدە يۇقىرى بولۇشىنى، مەھسۇلاتلارنىڭ دەرىجىسى، ئورىلىشى، زىننەتلىنىشى، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مۇلازىمىتى قاتارلىقلارنىڭ ئەتراپلىق ھەم

سۈپەتلىك بولۇشىنى، مەھسۇلاتلارنىڭ تېخنىكىلىق تەركىبى، قوشۇمچە قىممىتىنىڭ يۇقىرى، باھاسىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىنى تەلەپ قىلماقتا. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزدە شىنياڭ جىنبېي ئاپتوموبىل شىركىتى، چىڭداۋ خەيئېر گۇرۇھى شىركىتى قاتارلىق بىر تۈركۈم داڭلىق كارخانىلار CS ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ خېلى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا يەنە خېلى چوڭ پەرقلەر مەۋجۇت:

(1) كارخانا مەھسۇلاتىنىڭ دەرىجىسى تۆۋەن، سۈپىتى ناچار. ئېلىمىزدىكى نۇرغۇن مەھسۇلاتلار بايلىق سەرپىياتى تېپىدىكى دەسلەپكى مەھسۇلاتلار بولۇپ، بايلىق سەرپىياتى مەھسۇلات ئومۇمىي تەننەرخىنىڭ 70 ـ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ (سانائەتتە تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك 50 پىرسەنت ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ)، مەھسۇلاتنىڭ تېخنىكىلىق تەركىبى ھەم مەدەنىيەت تەركىبى تۆۋەن، تەڭ مىقداردىكى بۇيۇملاشقان ئەمگەك ۋە جانلىق ئەمگەك ئاز، مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېلىمىزنىڭ بەزى دەسلەپكى مەھسۇلاتلىرىنىڭ خەلقئارا بازارلاردىكى باھاسى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەشكە يۈزلەنمەكتە. بۇنىڭ ئەكسىچە دۆلەت ئىچىدىكى بازارلاردا خام ئەشيا، ماتېرىيال، ئېنېرگىيە قاتارلىقلارنىڭ باھاسى ئۈزلۈكسىز ئۆرلەپ بارماقتا، بۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىماقتا، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ناچار مەھسۇلاتلارنىڭ زىيىنى، ئىسراپچىلىقى كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە ئېغىر بولماقتا، ئوبوروت ساھەسىدە ساختا، ناچار تاۋارلار يەنىلا خېلى زور سالماقنى ئىگىلىمەكتە. تېخىمۇ ئېغىر بولۇۋاتقىنى شۇكى، كۆپ ساندىكى كارخانا رەھبەرلىرى ئىستېمالچىلارنىڭ «خۇدا» ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سۈپەت ئېڭى يەنىلا تۆۋەن بولغاچقا، سانىنىلا قوغلىشىپ «سۈپەت بىرىنچى» دېگەن فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرمايۋاتىدۇ. يەنە بىر قىسىم كارخانىچىلار سۈپەت باشقۇرۇشنى بوشاشتۇرۇپ، ئۆلچەم، ئۆلچەش تېخنىكىسى قاتارلىق ئاساسىي خىزمەتلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويماقتا. مۇبادا يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئۆزگەرتىلمەيدىغان بولسا، ئېلىمىزنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىدا تۇتقان ئورنىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

(2) كارخانىلارنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتى جەھەتتىكى ئېڭى تۆۋەن. مۇلازىمەت سۈپىتىگە ئادەتتە مۇلازىمەتنىڭ قولايلىقلىقى، تۈرىنىڭ مۇكەممەللىكلىكى، مۇلازىمەتچى خادىملارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلۇقلۇقى قاتارلىق سىرتقى ئوبرازلارغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا كارخانا قاتارلىق تەشكىلاتلار بىر قاتار فۇنكسىيىلەرنى، مەسىلەن، ماشىنا ـ زاپچاسلارنى، ئاپپاراتلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ياكى مەھسۇلات سۈپىتىنى كونترول قىلىش قاتارلىق فۇنكسىيىلەرنى ئادا قىلىش ئارقىلىق كارخانا مۇلازىمەت سۈپىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئىلغار، چاققان مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى سەپلەش، خېرىدارلار شىكايەت ئورنى تەسىس قىلىش، مۇلازىمەت ئەترەتلىرىنى تەشكىللەش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ۋە ئىشەنچلىكلىكىنى نازارەت قىلىش ھەم تەكشۈرۈش قاتارلىق كونكرېت ئۇسۇل ۋە ۋاستىلەرنى قوللىنىشتىن ئىبارەت. مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ نۇرغۇنلىغان كارخانىلار مۇلازىمەت سۈپىتىنى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنى، مۇئەسسەسەلىرىنى تەسىس قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇلازىمەت سۈپىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى جەزمەن تەننەرخىنىڭ نىسبىي ھالدا يۇقىرى بولىدىغانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭدا ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ. نەتىجىدە، كارخانا باشقۇرغۇچىلار مۇلازىمەت سۈپىتىنى باشقۇرۇشنى كارخانىنىڭ پايدىسى بىلەن قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇپ، مۇلازىمەتنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى، تۈرىنىڭ تولۇق بولۇش ـ بولماسلىقى، سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇش ـ بولماسلىقى قاتارلىقلار

بىلەن ئانچە ھېسابلاشمايدۇ.

(3) خېرىدارلارنىڭ قانائەتلىنىش دەرىجىسىنى ئىگىلەشكە پاسسىپ مۇئامىلە قىلىدۇ. كارخانا مۇلازىمەتچى خادىملىرىنىڭ بەلگىلەنگەن ئۆلچەم ۋە بازار تىجارىتى تاكتىكىلىرى بويىچە خېرىدارلارغا خىزمەت قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى ئىگىلەش ئۈچۈن خېرىدارلارنىڭ قانائەتلىنىش دەرىجىسىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش بەكمۇ زۆرۈر. خېرىدارلار مۇلازىمەت سۈپىتىگە باھا بەرگۈچىلەر بولۇپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنىڭ قانداقلىقى ئىستېمالچىلارنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن قانائەتلىنىش دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇلازىمەت تىجارىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، خېرىدارلارنىڭ مۇلازىمەت پائالىيەتلىرىگە بەرگەن باھالىرىنى ئىگىلەپ تۇرۇش ھەم ئۇنى مۇلازىمەتچى خادىملارنىڭ ئۇنۇمىنى باھالاشنىڭ، كارخانا باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى، ئۇنۇمىنى باھالاشنىڭ ۋە ئۇلارنى ياخشىلاشنىڭ ئاساسى قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە نۇرغۇنلىغان كارخانىلار خېرىدارلارنىڭ قانائەتلىنىش دەرىجىسىنى ئىگىلەشتە، پاسسىپلىق بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئىگىلەشكىلا يۆلىنىۋېلىۋاتىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، خېرىدارلارنىڭ شىكايەت قىلىش ئەھۋالىغا قاراپ كارخانا مۇلازىمەت سۈپىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە باھا بېرىلىۋاتىدۇ، خېرىدارلار نارازى بولۇۋاتقان ئىشلار ھەل قىلىنمايۋاتىدۇ، ياكى ئۇنۇملۇك تەدبىرلەر ئارقىلىق خېرىدارلارنى رازى قىلالارلىق دەرىجىدە ھەل قىلىنمايۋاتىدۇ.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرگەندە ئاساسلىق سەۋەب بازار ئىگىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان يېڭى كۆزقاراشلارنىڭ تولۇق شەكىللەنمىگەنلىكى، پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى دەۋرىدە شەكىللەنگەن كونا باشقۇرۇش ئەندىزىلىرىنىڭ، كونا ئىدىيىلەرنىڭ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىدا. ھازىر ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىك تۈزۈلمىسى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، كارخانىلار ئومۇميۈزلۈك بازارغا يۈزلەندۈرۈلدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، نۇرغۇنلىغان كارخانىلار گەرچە CS ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن كۆزقاراشنى ئۆزگەرتمەي، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكىلا بېرىلىپ، CSئىستراتېگىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرمەيۋاتىدۇ. بۇ ھال ئەلۋەتتە ئېلىمىز كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، پۈتكۈل ئىگىلىكنىڭ تېز سۈرئەتتە، ئىزچىل يۈكسىلىشىگە پايدىسىز.

### 3. CS ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش نۆۋەتتە ئېلىمىز كارخانىلىرىنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ جىددىي تەلىپى

كارخانىلارنىڭ سۈپەت كۆزقارىشىنى كۈچەيتىپ، CS ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى تېزلىتىش كارخانا تىجارەت مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنىڭ جىددىي تەلىپى. يەنىمۇ چوڭقۇرلاشقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى ـ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش. كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىن كارخانىلار ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشى ھەم ھۆكۈمەتكە يۆلىنىۋېلىش قىلمىشلىرىنى چۆرۈپ تاشلىشى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇستەقىل تىجارەت قىلىدىغان، پايدا-زىيانىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان، ئۆزىگە تايىنىپ تەرەققىي قىلىدىغان مۇستەقىل ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارغا ئايلىنىشى كېرەك. بۇ خىل بۇرۇلۇشقا تۇتۇش قىلغانلىق، ماھىيەت جەھەتتىن قارىغاندا، ھۆكۈمەتنىڭ كارخانىلارنى بازارغا يۈزلەندۈرىدىغانلىقىدىن، شۇنىڭدەك كارخانىلارنىڭمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن بازارغا يۈزلىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن دېرەك بېرىدۇ. نۆۋەتتە دۇنيا مىقياسىدا بازار رىقابىتى كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ بارماقتا. ھالبۇكى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۈپىتى رىقابىتى كارخانىلار

رىقابەتنىڭ كەسكىن نۇقتىسى بولۇۋاتىدۇ. ئېلىمىز كارخانىلىرىمۇ رىقابەتتە غالىپ ئورۇندا تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسال رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشى، ئەلا مۇلازىمەت ئارقىلىق غەلىبە قىلىشى كېرەك.

(2) CS ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئېلىمىز كارخانىلىرىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشىدىكى ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىك. ئېلىمىز دەل ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش، WTO دىكى ئورنىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە رايون بىلەن رايون، دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۈنسايىن قويۇقلىشىۋاتقان، پەن - تېخنىكا بىلەن ئىقتىساد ئوتتۇرىسىدىكى تولۇقلاشچانلىق بارغانچە كۈچىيىۋاتقان بىر شارائىتتا تۇرماقتا. ئېلىمىزنىڭ WTO دىكى ئورنىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى ئېلىمىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ خەلقئارا بازارغا كىرىشىنى باراۋەر ھوقۇققا ئىگە قىلىدۇ، ئېلىمىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ خەلقئارالىق بازارلىرىنى ئېچىپ، خەلقئارا بازاردىكى سالمىقىنى ئاشۇرۇشقا ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، خەلقئارا ئىقتىسادىي سودىدىكى ئورتاق پرىنسىپلارغا ئاساسەن تاموژنا بېجىدىن باشقا تۈرلۈك سودا قوغۇقچىلىق تەدبىرلىرىنى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ، ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، سانائىتى تەرەققىي قىلغان ئەللەر ئەلا مۇلازىمەتنىڭ ئۈلارنىڭ داڭلىق، ئەلا سۈپەتلىك، ئالاھىدە، يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن بىرگە ئېلىمىز بازارلىرىغا كىرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇنداق غەيرىي باھا ئامىلى رىقابىتى ئېلىمىز كارخانىلىرىغا كۈچلۈك خىرىس قىلىدۇ. بۇنداق خىرىسنى كۆتۈۋېلىشنىڭ بىردىنبىر يولى - ئېلىمىز كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات، مۇلازىمەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

**4. ئېلىمىز كارخانىلىرىدا CS ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ شەرتلىرى**

CS پائالىيىتى - مەھسۇلات ئىقتىدارى، خاراكتېرى، باھاسى، ئوراش - قاچىلىنىشى، سىرتقى كۆرۈنۈشى، مال تاپشۇرۇش مۇددىتى، بىخەتەرلىكى، ئىشەنچلىكلىكى، ماسلىششچانلىقى، ئىشلىنىشچانلىقى، يۈرۈشلۈك مۇلازىمىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەرقايسى تەرەپلەرگە چېتىلىدىغان، مۇكەممەل مەزمۇن ۋە تولۇق جەريانلىق خېرىدارلار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش پائالىيىتىدۇر. ئىستېمالچىلارنى قانائەتلەندۈرۈش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق نىشانى ھەم مەسئۇلىيىتى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تۈپ مەقسىتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ھۆكۈمەت، جەمئىيەت، كارخانا قاتارلىق ھەممە تەرەپلەر CS ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك.

(1) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇن - تۈزۈم سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سۈپەتنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ، CS ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن تاشقى شارائىت ھازىرلاش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن: بىرىنچى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. بۇ CS ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. بۇنىڭدا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈپ ماھىيىتى ۋە مەقسىتىگە بولغان تونۇشىنى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە بولغان تونۇشىنى، ئىچكى بازار ۋە خەلقئارا بازارلارغا ھەم ئۇلارنىڭ يۈزلىنىشىگە بولغان تونۇشىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، قانۇن - تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ۋە سۈپەتنى نازارەت

قىلىش ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، سوۋېتتكە ھەم ئىستېمالچىلار مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار قانۇن - تۈزۈملەر، مەسىلەن، «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»، «ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى»، «مۇھىت ئاسراش قانۇنى»، «ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلار تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلدى ھەمدە ساختا، ناچار تاۋارلارغا زەربە بېرىش، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش مەزمۇن قىلىنغان بىر قاتار تەدبىرلەر قوللىنىلدى، ئۇلارنىڭ ئوينىغان رولى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى خېلى زور بولدى. بىراق قانۇن - تۈزۈملەر يەنىلا دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەس، ئىجرا قىلىنىشى دېگەندەك قەتئىي ئەمەس، ئەركىن بازارلار، ھەتتا خېلى بىر قىسىم دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ساختا، ناچار تاۋارلارنىڭ يامرىشىغا خېلى كەڭ سورۇن ھازىرلاپ بەرمەكتە. كەڭ ئىستېمالچىلار بۇلاردىن دېگەندەك رازى ئەمەس، شۇڭا بۇ جەھەتتە يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۈچىنچى، سۈپەت باشقۇرۇشنى بازار سىستېمىسى بەرپا قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدا بىر تەرەپتىن، «بىر بازار قۇرۇلسا مۇناسىپ بىر سۈپەت باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش ئاپپاراتى بولۇش» پرىنسىپى بويىچە، سۈپەت باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، «سۈپەت ئالدىدا مېڭىشقا مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى»، «مەھسۇلات مەسئۇلىيىتى سۇغۇرتىسى» ۋە «مەھسۇلات سۈپىتى سۇغۇرتىسى»غا ئوخشاش بىر قاتار خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك.

(2) كارخانىلاردا ئۆزىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش تەخىرسىزلىك تۈيغۇسى بولۇش، ئىچكى جەھەتتىن CS ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن شارائىت يارىتىش كېرەك. بۇنىڭدا بىرىنچى، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەردە كارخانا مېنىڭ ئائىلەم، مېنىڭ ھاياتىم دەيدىغان كۆزقاراشنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئىككىنچى، خېرىدارلار خۇدا، كارخانىنى ياراتقۇچى دەيدىغان كۆزقاراشنى تۇرغۇزۇش كېرەك. كارخانا ماددىي شارائىتى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئىستېمالچىلار، پۇل چىقىم قىلىشنى خالايدىغان خېرىدارلىرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەم تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا، خېرىدارلار كارخانىلارنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، كارخانىلار خېرىدارلارنى قەدىرلىشى، بارلىق پائالىيەتلىرىدە خېرىدارلارنى قانائەتلەندۈرۈشنى ئالدىنقى ئۆلچەم قىلىشى كېرەك. ئۈچىنچى، خېرىدارلارنىڭ قانائەتلىنىشىنى كارخانىنىڭ شەكىلسىز مۈلكى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك. موتورولا شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، قانائەتلەنگەن بىر خېرىدار كۆپىيىسە سەككىز يېڭى خېرىدارنى ئېلىپ كېلىدىكەن، ئەكسىچە قانائەتلەنمىگەن بىر خېرىدار كۆپىيىسە 25 خېرىدارنى كېمەيتىۋېتىدىكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خېرىدارلارنىڭ قانائەت ھاسىل قىلىش - قىلماسلىقى كارخانا ئۈنۈمىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، كارخانىلاردا CS ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش بازار ئىگىلىكىگە قەدەم قويۇۋاتقان جۇڭگودا ناھايىتى زور ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ ئېلىمىز ئىگىلىكىنى مىقدار تىپىدىكى ئىگىلىكتىن سۈپەت تىپىدىكى ئىگىلىككە يۈكسەلدۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى.

(ئاپتور شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى بازار فاكۇلتېتىدا ئىشلەيدۇ)

**جاۋابكار مۇھەررىر: يۈسۈپ ھامۇت**

# يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

ئابلىمىت قادىر

يولداش جياڭ زېمىن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان بۇ يىلقى تۇنجى قېتىملىق قانۇن - تۈزۈم لېكسىيىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئېلىمىزنىڭ 1 مىليارد 200 مىليون نوپۇسىنىڭ 900 مىليونى يېزىلاردا، يەنە كېلىپ يېزا ئىگىلىكى - خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇلى. بىزنىڭ ئۇلۇغ ئىسلاھات ئىشىمىز ئالدى بىلەن يېزىلاردىن باشلاندى. شۇڭا يېزىلارنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشى دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتىگە بىۋاسىتە تاقىلىدۇ ... يېزىلار مۇقىم بولمىغان بولسا، پۈتكۈل جەمئىيەت مۇقىم بولمىغان بولاتتى. پۈتكۈل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا يېزىلارنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىغا باشتىن - ئاخىر ئەھمىيەت بېرىشىمىز، كاپالەتلىك قىلىشىمىز ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم» («شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1999- يىل 6- ئاينىڭ 13- كۈنىدىكى سانىدىن). بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نوپۇسى كۆپ، تېرىلغۇ يېرى ئاز بولغان مۇنداق چوڭ يېزا ئىگىلىك دۆلىتىدە، يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىنى داۋاملىق ساقلاش ھەمدە دۇنيا نوپۇسىنىڭ 22 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان ئاھالىنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەسىلىسىگە كاپالەتلىك قىلىش پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك توپ مەسىلىدۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەنىدى: «جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ 80 پىرسەنتى يېزىدا. جۇڭگونىڭ مۇقىم بولۇش - بولماسلىقى ئالدى بىلەن ئاشۇ 80 پىرسەنت ئاھالىنىڭ مۇقىم بولۇش-بولماسلىقىغا باغلىق. شەھەرلەرنى ھەرقانچە چىرايلىق قىلىۋەتكەن بىلەنمۇ، ئۇنىڭغا ئاساس بولۇپ تۇرىدىغان يېزىنىڭ مۇقىملىقى بولمىسا بولمايدۇ» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3- توم، 131-، 132- بەتلەر). پارتىيىمىزنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسى يېزىلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا باشتىن - ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ كەلدى. مەسىلەن، 1949- يىلىدىكى پارتىيە 7- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2- ئومۇمىي يىغىنىدىن پارتىيە 15- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىغىچە بولغان 48 يىل مابەينىدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى چاقىرغان 55 قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىنىڭ 13 قېتىمىدا يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلار مەسىلىسى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ئالاقىدار قارارلار چىقىرىلدى. مانا بۇلار پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشنى باشتىن - ئاخىر ئالدىنقى ئورۇنغا قويىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان 20 يىلدىن بۇيان، يۈز مىليونلىغان دېھقاننىڭ ئاكتىپلىقى تولۇق قوزغىتىلىپ، ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىنىپ، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 200 مىليارد كىلوگرام كۆپىيىپ، ئاشلىق قاتارلىق ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئۆكسۈپ

قېلىشتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 1979- يىلدىكى 134 يۈەندىن ھازىرقى 2090 يۈەنگە يېتىپ، 14.6 ھەسسە كۆپەيدى، يېزا - بازار كارخانىلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، 1997- يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن مەملىكەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەپ، يېزىلاردىكى 130 مىليون ئېشىنچە ئەمگەك كۈچىنى قوبۇل قىلدى. يېزىلارنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتى ئىزچىل ساقلىنىپ قېلىپ، پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلىندى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىكىدە سەل قاراشقا بولمايدىغان نۇرغۇن مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى ساقلانماقتا، بەزى مەسىلىلەر بىر قەدەر گەۋدىلىك بولماقتا. مەسىلەن، يېزا ئىگىلىكىدە ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىنىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ئاساسەن ھەل بولغان ئەھۋال ئاستىدا، بەزى ئورۇن ۋە كىشىلەردە «يېزا ئىگىلىكى ئەمدى ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ بولدى»، «يېزا ئىگىلىكى مەسىلىسى ئومۇملۇق مەسىلىسى بولۇشتىن قالدى» دەيدىغان خاتا تونۇش پەيدا بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىگە بولغان رەھبەرلىكنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇپ، يېزىلاردىكى تۇرلۇك مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنىڭ ئالدىنى ئالمايۋاتىدۇ؛ بەزى جايلار يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنغان مەبلەغنى يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىۋاتىدۇ، بەزى جايلار دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، قالايمىقان جەرىمانە ئېلىش، مەبلەغ توپلاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىۋاتىدۇ؛ بەزى ئورۇنلار يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاشقا سەل قارىغانلىقتىن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى تېخىمۇ ناچارلىشىپ، ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ؛ بەزى جايلاردا يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات زاپاس كۈچى يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزا ئىگىلىكى نۆۋەتتە بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى سىناقلىرىغا دۇچ كېلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروتى دېگەندەك راۋان بولماي، باھاسى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەپ، دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئاستىلاپ كېتىۋاتىدۇ؛ مالىيىنى ئاشكارا تۇتماسلىق، توك باھاسىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈۋېتىش، سانلىق مەلۇماتلارنى يۇقىرىغا ئەينەن يوللىماسلىق، كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى بۇزۇپ - چېچىشقا ئوخشاش بولمىغۇر ھادىسىلەر دېھقانلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغاۋاتىدۇ؛ قىسمەن جايلاردا خۇراپاتلىق، قىمارۋازلىق ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە ئوخشاش رەزىل ھادىسىلەر قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسىلەر ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولغان ياخشى ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك:

بىرىنچى، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئاساسىي سىياسىتىنى ئۇزاققىچە مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، يېزىلارنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇش - بولماسلىقى ئالدى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش - قوزغىيالماسلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش - قوزغىيالماسلىق پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئاساسىي سىياسەتلىرىنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇش - بولماسلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قايسى ۋاقىتتا دېھقانلارنىڭ غەم - ئەندىشىسى تۈگەپ، ئاكتىپلىقى تولۇق جارى قىلدۇرۇلغان بولسا، شۇ ۋاقىتتا يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىمۇ مۇقىم بولۇپ كەلدى؛ قايسى ۋاقىتتا، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچراپ، ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتسە، يېزا ئىگىلىكى ئارقىغا چېكىنىپ، تۇرلۇك مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى كېلىپ چىقتى. شۇڭا يېزىلارغا ئائىت ھەرقانداق بىر خىزمەتنى قانات يايدۇرغاندا ياكى ھەرقانداق بىر

سىياسەتنى يولغا قويغاندا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دېھقانلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتى ۋە قانۇنىي ھوقۇقلىرىنى قوغداشقا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشقا پايدىلىق بولغان - بولمىغانلىقىنى ئويلاش كېرەك. پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئاساسىي سىياسىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرگەندىلا، ئاندىن دېھقانلارنى غەم - ئەندىشىدىن خاتىرجەم قىلغىلى، ئاكتىپلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا يېزا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلاردا ئالدى بىلەن كۈچلۈك سىياسەت كۆزقارىشى بولۇشى، سىياسەتتىن چەتنەپ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىشى كېرەك.

يەرنى ھۆددىگە بېرىش سىياسىتى پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىنىڭ ئۇلى بولۇپ، دېھقانلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە ۋە يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. دېھقانلار پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئاساسىي سىياسىتىنىڭ ئۆزگەرگەن - ئۆزگەرمىگەنلىكىگە قاراشتا ئالدى بىلەن يەرنى ھۆددىگە بېرىش سىياسىتىنىڭ ئۆزگەرگەن - ئۆزگەرمىگەنلىكىگە قارايدۇ. چۈنكى يەر يېزا ئىگىلىكىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىلى، شۇنداقلا دېھقانلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تۇرمۇش كاپالىتى. مەركەز يەرنى ھۆددىگە بېرىش سىياسىتىنى يەنە 30 يىل ئۇزارتىشنى، ھەتتا ئۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ئۇزارتىشنى بېكىتتى. بۇ دېھقانلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك غەم - ئەندىشىلىرىنى تۈگەتتى. يەرنى ھۆددىگە بېرىش سىياسىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىپ، دېھقانلارنى ئۈزلۈكسىز كاپالەتكە ئىگە بولغان يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش كېرەك. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش - مەركەز دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش يۈزىسىدىن قوللانغان مۇھىم سىياسەت. شۇڭا ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ خىلاپلىق قىلىشىغا بولمايدۇ. سىياسەتنىڭ روھىغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى چەكلەش ئۈچۈن، قانۇننى ئىجرا قىلىشنى تەكشۈرۈش سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغان تۈرلۈك قانۇنسىز ھادىسىلەرنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە قاتتىق سۈرۈشتە قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى چوڭ بىر ئىستراتېگىيە قاتارىدا چىڭ تۇتۇش كېرەك. دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىش - ئاشماسلىقى، قانچىلىك ئېشىشى يېزا ئىگىلىكىنىڭ داۋاملىق، مۇقىم راۋاجلانغان - راۋاجلانمىغانلىقىنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئاساسىي سىياسىتىنىڭ مۇھىم نىشانى. دۆلىتىمىزدىكى 900 مىليون يېزا ئاھالىسى يالغۇز يېزا ئىگىلىك بايلىقىنى ياراتقۇچىلار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى غايەت چوڭ ئىستېمال بازىرىدۇر. دۆلىتىمىز بۇ يىلدىن باشلاپ ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى داۋاملىق يولغا قويۇشنى قارار قىلدى، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتە مۇقەررەركى، دېھقانلارنىڭ ئىستېمال تەلىپىنى ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. دېھقانلارنىڭ ئىستېمال تەلىپىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشمىسا ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. دېھقانلارنىڭ ئىستېمالى ئادەتتە تۇرمۇش ئىستېمالىدىن باشقا، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش، سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ۋە ئولتۇراق ئۆي قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىستېمال تەلىپى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا دېھقانلارنىڭ ئىستېمال تەلىپىنى قاندۇرۇشتىن ئاۋۋال، تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۇدا

راۋاجلىنىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئېشىپ، تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ئىستېمال تەلىپىمۇ كۈنسېرى ئېشىپ باردى. بىراق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خېرىدارلار بازىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە خەلقئارا بازارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشى دېگەندەك راۋان بولماي، باھاسى چۈشۈپ كەتتى، ھەتتا بېسىلىپ قېلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پاختا باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدەك پايدىسىز ئامىللارمۇ دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇ خىل ئەھۋاللار دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنى كېڭەيتىشنى ئاساس قىلىدىغان ئىقتىسادنىڭ ئېشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزدى. شۇڭا بۇ خىل پايدىسىز ئەھۋاللارنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىغا ئۈزلۈكسىز كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن: (1) دېھقانلارنى ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش تەلىپى بويىچە ئاشلىقتىن باشقا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى دېھقانلارنىڭ بازار ئەھۋالىغا قاراپ تەڭشىشىگە قويۇۋېتىپ، بازاردا نېمە پۇل بولسا شۇنى تېرىشقا يول قويۇش كېرەك؛ (2) يېزا - بازار كارخانىلىرىنى، يېزىلاردىكى كىچىك شەھەر - بازارلارنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يېزىلارنىڭ سانائەتلىشىش ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قوشۇمچە قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ (3) يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى كەڭ - كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇپ، بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەركىبىنى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش لازىم؛ (4) بازار مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دېھقانلارغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش ھەمدە ئۈچۈر مۇلازىمىتى ئارقىلىق دېھقانلارنى بازار ئۇچۇرى بىلەن ۋاقتى - ۋاقتىدا تەمىنلەش كېرەك. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، دېھقانلارنىڭ ساپاسى يەنىلا تۆۋەن بولغاچقا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن دېگەندەك ماسلىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. ئەگەر بۇخىل ھالەت ئۆزگەرتىلمىسە دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى ياخشى جارى قىلدۇرغىلى، يېزىلاردا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرغىلى ھەمدە يېزىلاردىكى نادانلىق، خۇراپاتلىق ۋە ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنى ۋاقتىدا تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. بۇنىڭدا دېھقانلارنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى بىۋاسىتە يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان قانۇن - نىزاملارنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان قانۇنسىز قىلمىشلارنى ۋاقتىدا چەكلەش كېرەك. تايىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇن بولغانىكەن چوقۇم تايىنىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا چوقۇم قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم سۈرۈشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارقىلىق، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن پرىنسىپنى ئاساس قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە بىر قىسىم يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى دېھقانلارنىڭ قانۇن - تۈزۈم كۆزقارىشىنىڭ تېخى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ بولالمىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ يوچۇقتىن پايدىلىنىپ، دېھقانلارنى قاقتى - سوقتى قىلماقتا. بەزىلىرى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ يەرلەرنى ئۆز ئالدىغا كۆپ ئىگىلىۋېلىپ، شەخسىي پايدا ئالماقتا، يەنە بەزىلىرى يەرنى ھۆددىگە بېرىشتە قانۇننى كۆزگە

ئىلماي كېلىدىغان نەپىنىڭ ئاز - كۆپلىكىگە قاراپ ئىش تۇتماقتا؛ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى، سۇ قۇرۇلۇشى، زەيكەش چېپىش، يول ياساش قاتارلىقلاردا بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى دېھقانلارنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى يېزا ئىگىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىشكە يول قويماي، ئۆزىنىڭ ياكى ئۇرۇق-تۇغقان، تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ شەخسىي دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇرلاپ، كەتكەن چىقىمنى دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يېرىنىڭ مو سانىغا قاراپ چاچماقتا. بۇنداق ئىشلار دېھقانلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، تۈرلۈك مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ. يۇقىرىقىدەك قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى چەكلەش ئۈچۈن، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، دېھقانلارنىڭ قانۇن - تۈزۈم قارىشىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ قوغدىلىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

تۆتىنچى، تەرەققىيات ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. تەرەققىيات ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىققا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش بولۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خەلقنى ئورتاق بېيىشقا يېتەكلەشتىكى مۇھىم بىر ئىستراتېگىيىسى. ھازىر مەملىكەت بويىچە قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىغان 24 مىليون نامرات ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى بىر قەدەر چەت، قاتنىشى قولايسىز، بايلىقى كەمچىل، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ناچار جايلارغا تارقالغان. شۇڭا، قانچىلىك قىيىنچىلىق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، تەرەققىيات ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، نامرات ئاھالىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مەركەز بۇ يىل نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى ئەسلىدىكىدىن 6 مىليارد 500 مىليون يۈەن كۆپەيتىپ، مەركەزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى 24 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈشنى قارار قىلدى. جايلار مەركەز ئاجراتقان نامراتلارغا ياردەم بېرىش مەبلىغىنى چوقۇم جايىدا ئىشلىتىشى، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نامرات رايونلاردا ئۆز يېرىنىڭ شارائىتىغا ماس كېلىدىغان كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، نامرات رايونلارنىڭ يول مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ناچار ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش، ساھەلەر بويىچە نامراتلارغا ياردەم بېرىش سالمىقىنى پىلانلىق ئاشۇرۇش، پەن - تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، نامرات رايونلارنىڭ سۇ، تۇپراق شارائىتىنى تېزدىن ياخشىلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

قىسقىسى، يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، ئومۇملۇققا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىغا سەل قارىغانلىق پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا سەل قارىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، دېھقانلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزگەندىلا، دۇچ كەلگەن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل، مۇقىم ئېشىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

(ئاپتور ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىدە ئىشلەيدۇ)

**جاۋابكار مۇھەررىر: يۈسۈپ ھامۇت**

# ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىنىڭ ئاچقۇچى – يېڭىلىق يارىتىشتا

ئادىل نۇر

ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار چوڭ تىپتىكى كارخانىلارغا نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى بىر قەدەر كىچىك بولغان كارخانىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ خەلق ئىگىلىكىدىكى مۇھىم ھەم جانلىق كۈچ بولۇپ، ئېلىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئېلىمىزدىكى بارلىق كارخانىلار ئىچىدە، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ سانى 99 پىرسەنتنى، ياراتقان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 60 پىرسەنتنى، ئەمەلگە ئاشۇرغان پايدا-بېجى 40 پىرسەنتنى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان ئادەم سانى 75 پىرسەنتنى، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پۇرسىتى 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكنى ئىگىلىگەن. ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھپىسى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش جەھەتتىكى مۇھىم رولىغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېلىمىزدەك مۇشۇنداق ئاھالىسى كۆپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بىر تەرەپتىن، ئېلىمىزنى ئۇزاق مۇددەت تەرەققىي قىلدۇرۇش نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ۋە «پەن - مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىقتىسادنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ساقلاپ، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى تەسىرىنىڭ تەدرىجىي ئايان بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ يۇقىرىقى مۇھىم رولىنى تېزدىن گەۋدىلەندۈرۈش ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ساغلام، تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدى.

ئېلىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ۋە ئۆسۈپ يېتىلگەن بولۇپ، دەسلەپتىلا خەلق ئىگىلىكىگە نىسبەتەن مۇھىم تولۇقلاش رولىنى ئوينىغان. ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چوڭ كارخانىلارنىڭ بازار مېخانىزمىغا تەدرىجىي ماسلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى مۇنداق ئىككى خىل تاللاشقا دۇچ كەلدى: بىرى، چوڭ كارخانىلارنى يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلار ئۈچۈن زاپچاس ئىشلەپچىقىرىپ بېرىش؛ يەنە بىرى، كۆلەملىك ئىگىلىكتىن چېكىنىپ چىقىپ، بىر قەدەر كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان پائالىيەت ساھەسىگە ئايلىنىش. ئەمما بۇ خىل تاللاش مەسىلىسىگە كەلگەندە، ئېلىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار پۇرسەتنى ياخشى تۇتماي، ئەكسىچە ئەسلىدىكى تىجارەت ئەندىزىسىنى جان تىكىپ ساقلاپ كەلگەنلىكتىن، ئۇنۇمىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئەڭ ئاخىرىدا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار قىيىنچىلىقتىن ئوڭۇشلۇق ھالدا قۇتۇلۇپ، ئۆز

تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىدىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پەقەت ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاشقا تايىنىپ رىقابەت ئۈستۈنلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

ئۇتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ـ مەبلىغى ئاز، كۆلىمى كىچىك، پەن- تېخنىكا سەۋىيىسى ئادەتتىكىچە، بازار ئۆزگىرىشىگە بولغان ئىنكاسى سەزگۈر بولۇشتۇر. بۇ ئالاھىدىلىكلەر كارخانىنىڭ ئەۋزەللىكىگە ئايلىنىشىمۇ، يېتەرسىزلىكىگە ئايلىنىشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق مەسىلە ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئۇلارنى قانداق قوللىنىشىدا بولۇپ، ئەگەر ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار كۆلەم، مەبلەغ ۋە پەن تەتقىقات ئىقتىدارى جەھەتلەردە ئۆزىنى چوڭ كارخانىلار بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولسا، شۈبھىسىزكى مەغلۇپ بولىدۇ. چۈنكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار بۇ جەھەتتە پۈتۈنلەي ناچار ئەھۋالدا تۇرىدۇ. ئەگەر ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار چوڭ كارخانىلارنىڭ كۆلەم جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇلارنى يۇرۇشلەشكەن مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىسە، ياكى چوڭ كارخانىلارنىڭ رىقابەت ئۈستۈنلۈكى گەۋدىلىك بولمىغان دائىرىدە تىجارەت ئېلىپ بارسا، ئۇ ھالدا ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار بىر قەدەر كەڭ تەرەققىيات ماكانىغا، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭىلىق يارىتىشى كېرەك. پەقەت يېڭىلىق ياراتقاندىلا چوڭ كارخانىلارنى يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدىغان يېڭى كەسىپلەرنى ۋە چوڭ كارخانىلار ۋاقىتىنچە كىرەلمەيدىغان يېڭى ساھەلەرنى ئاچقىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش ـ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىشىنىڭ مەنبەسى.

ئۇنداقتا، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار قانداق يېڭىلىقلارنى يارىتىشى كېرەك؟ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىشىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئېلىمىزدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار يېڭىلىق يارىتىشتا تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردە بوشاش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم:

1. مەھسۇلات جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش لازىم. ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئىقتىدارى ۋە پەن تەتقىقات كۈچى بىرقەدەر ئاجىز بولغانلىقتىن، زور كەشپىياتلارنى يارىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلمەيدۇ. ئەمما مەھسۇلاتلارنىڭ خاراكتېرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتمەسلىك ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، مەھسۇلاتلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلىيالايدۇ. مەسىلەن، مەھسۇلاتلارنىڭ تاشقى شەكلى، ئوراپ - قاچىلىنىشى، رەڭگى قاتارلىقلارنى، ھەتتا سۈپىتى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بازارنى تېخىمۇ كۆركەم ۋە تېخىمۇ سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ.

2. ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش لازىم. ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قول ئەمگىكىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشى زامانىۋىلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى. ئەمما ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئوخشاش تۈردىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئوخشاش بولمىغان كاپىتال بىلەن ئەمگەك ئۆزئارا بىرلىشىدۇ، ئوخشاش بولمىغان كاپىتال بىلەن ئەمگەكنىڭ بىرلىشىشى كۆپ ھاللاردا يەنە مەھسۇلاتلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان باھاسى، سۈپىتى ۋە تۈرلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، كۆلەم ئىگىلىكى گەۋدىلىك بولمىغان ياكى ئاسانلا كۆلەمنىڭ تېجەشسىزلىكى كېلىپ چىقىدىغان دائىرىدە ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارسا رىقابەت ئۈستۈنلۈكىگە ئېرىشىپ، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا

كەلتۈرەلەيدۇ.

3. بازار جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش لازىم. ئېلىمىزدە نۆۋەتتە «سېتىۋالغۇچىلار بازىرى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقىنى ماھىيەتتە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئوشۇقچىلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئوشۇقچىلىق ئەمەس. كىشىلەرنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى نۇرغۇن ئېھتىياجلىرى يەنىلا بازاردىن تولۇق قانائەت ھاسىل قىلالمايۋاتىدۇ. بۇ ھال ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلاردىن بازار ئۆزگىرىشىگە بولغان ئىنكاسىنىڭ سەزگۈرلۈكىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، بازار ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە ۋە ئانالىز قىلىشقا ماھىر بولۇپ، يېڭى بازارلارنى ئېچىش ياكى بازارلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەپسىلىي تۈرلەرگە ئايرىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ماكانىنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى كۆپ ھاللاردا يېڭىدىن ئېچىلغان بۇنداق بازارلارنىڭ سىغىمى كىچىك بولغانلىقتىن، چوڭ كارخانىلار بۇ بازارغا كىرسە ئاسانلا كۆلەمنىڭ ئىجەشسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇڭا بۇ خىل بازارلاردا ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار رىقابەت ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە بولالايدۇ.

4. باشقۇرۇش جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش لازىم. چوڭ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى چوڭ، خادىملىرى كۆپ بولغانلىقتىن، فۇنكسىيىلىك تارماقلىرى تولۇق، ئىش تەقسىماتى ئېنىق بولىدۇ. ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار بولسا بۇ جەھەتلەرنى ئۇلگە قىلالمايدۇ. ئۇلار پەقەت بازارنىڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرگەن ئاساستا ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئاسانلا ئادەمگە چۇشلۇق ئىش بولماسلىق، ئۇنۇم تۆۋەن بولۇش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئوبيېكتىپ ئېھتىياجغا ئاساسەن فۇنكسىيىلىك تارماقلارنى تەسىس قىلىپ، ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ، باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ بازاردا رىقابەت كۈچىنى ساقلاپ قالالىشىدىكى بىر خىل ئىنتايىن مۇھىم ئامىل.

5. خام ئەشيا ۋە ماتېرىيال جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش لازىم. شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ خام ئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى ۋە ماتېرىياللارنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى چەكلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارغاندا، خام ئەشيا ۋە ماتېرىياللارنى ئۆز جايىدىن ئېلىشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىشى، بولۇپمۇ چوڭ كارخانىلارنىڭ قىرىندا ماتېرىياللىرى، پۇرۇچلىرى، تاشلاندۇق نەرسىلىرى قاتارلىقلارنى خام ئەشيا ۋە ماتېرىيال قىلىپ ياكى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، كېرەكسىز نەرسىلەرنى قىممەتلىك نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، بايلىق مەنبەسىدىن ئۇنۇملۈك پايدىلىنىشنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك. بۇ بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەننەرخ خىراجىتىنى تېجىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇھىتنى ئاسرىغانلىقتىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ ۋە كارخانىنىڭ ئېخنىكا سەۋىيىسى جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلىيالايدۇ. مانا بۇلار ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى رىقابەت ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

(ئاپتور شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدا ئىشلەيدۇ)

**جاۋابكار مۇھەررىر: يۈسۈپ ھامۇت**

# بازار ئىگىلىكى — جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسى

ئۆمەر تالىپ

«بازار ئىگىلىكى» دېگەن ئۇقۇم كىشىلەرگە ئەڭ تونۇشلۇق ئۇقۇم بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ھازىر بەرپا قىلماقچى بولغىنىمىز «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى» بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسى «سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدىكى بازار ئىگىلىكى» دېگەندىن ئىبارەت. سوتسىيالىزم شارائىتىدا بازار ئىگىلىكى سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈمگە باغلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈم ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان بولىدۇ. سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. ھەر ئىككىسىلا ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى جەمئىيەتنىڭ نىشانى قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دەل مۇشۇنداق شارائىتتا ھەرىكەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بىرىنچى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل ئىگىلىك شەكىللىرى تەڭ راۋاجلاندۇرۇلىدىغان شارائىتتا ھەرىكەت قىلىدۇ. نۆۋەتتە ئېلىمىزدە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ شەكىللىرى ھەرخىل بولۇپ، ئۇلار دۆلەت مۈلۈكچىلىكى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك ۋە پاي ھەسسىدارلىق تۈزۈمى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. پاي ھوقۇقى دۆلەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تايانچ كارخانىلار خەلق ئىگىلىكىنىڭ ماكرو جەھەتتىن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى، بايلىقنى تېجەشنى ۋە بازارنىڭ تەرتىپلىك ھەرىكەت قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئورتاق بېيىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىزم پرىنسىپىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان بولىدۇ، مۈلۈكچىلىكنىڭ خۇسۇسىنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇشى مۇقەررەر ھالدا خۇسۇسىي كاپىتالنىڭ چەكسىز كۆپىيىشىنى ۋە كىرىمنىڭ ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت. شۇڭا، دۆلىتىمىزدە ئىجتىمائىي ئادىللىققا كاپالەتلىك قىلىش، رايونلار ئارا تەرەققىياتنى ماسلاشتۇرۇش ۋە نامراتلىقنى تۈگىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ تەڭشەش مېخانىزمى ۋە ئىجتىمائىي سىياسىتى ئارقىلىق، كىرىم جەھەتتىكى پەرقنىڭ ھەددىدىن زىيادە چوڭ بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ كۆپ قېتىم مۇنداق كۆرسەتكەن: «سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا ئورتاق بېيىش نىشانىنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئورتاق بېيىش تەسەۋۋۇرى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلغان: شارائىتى يار بېرىدىغان بىر قىسىم رايونلار ئاۋۋال تەرەققىي قىلىدۇ، بىر قىسىم رايونلار ئاستىراق تەرەققىي قىلىدۇ. ئاۋۋال تەرەققىي قىلغان رايونلار كېيىن تەرەققىي قىلغان رايونلارغا تۈرتكە بولىدۇ. ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئەگەر بايلار بارغانسېرى بېيىپ كەتسە، نامراتلار بارغانسېرى نامراتلىشىپ كەتسە، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىدۇ. ۋەھالەنكى، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىككى

قۇتۇپقا بۆلۈنۈشتىن ساقلىنىش كېرەك ھەم ساقلىنالايدۇ» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3- توم، 778- 779- بەتلەر).

ئۈچىنچى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دۆلىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن كۈچلۈك تەڭشەش - تىزگىنلىشىدە تۇرىدۇ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرتىپلىك ھەرىكەت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسەت، ئىقتىسادىي قانۇن - نىزام، پىلان ئارقىلىق يېتەكلەش ۋە زۆرۈر مەمۇرىي باشقۇرۇش ئارقىلىق مۇقىم، بىخەتەر، ئادىل ئىجتىمائىي مۇھىتنى يارىتىدۇ. بىز ھازىر ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئاخىرقى نىشانى - سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇنداق ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنى تۈزۈپ بەردى. يەنى 2000- يىلىغا بارغاندا، بۇ يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش؛ 2010- يىلىغا بارغاندا، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، مۇقىملاشتۇرۇش.

بىز ھازىر سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ياشاۋاتىمىز. بۇندىن 20 يىل ئىلگىرى بازار كۆزنىمىزگە غەلىتە كۆرۈنەتتى. بازار سودىسى قىلىش كاپىتالىزم بىلەن شۇغۇللانغانلىق ھېسابلىناتتى. بازار سودىسى بىلەن شۇغۇللانغانلار، «ھايانكەش»، «قاراگۇرۇھ بازارچى» دەپ ئاتىلىپ، ئېلىپ - ساتقان نەرسىلىرى تەشكىل تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىناتتى، ھەتتا قالپاق كەيگۈزۈلۈپ قولغا ئېلىناتتى. قىسقىسى، ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك شارائىتىدا بازار بىلەن مۇناسىۋەتتى بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە بازارغا كىرمەي ئېلىپ بېرىلىدىغان سېتىش (ئەمەلىيەتتە تەقسىمات) بازارنىڭ ئورنىنى ئالغانىدى. كۈچلۈك سىياسىي بېسىم ئاستىدا، بازار سودىسى ئىقتىسادىي ساھەدىن، كۈندىلىك تۇرمۇشتىن قانچە ئۆزۈل - كېسىل، قانچە پاكىزە تازىلاپ چىقىرىۋېتىلسە، شۇنچە ئىنقىلابىي، شۇنچە قىزىل سانىلاتتى.

بازار ئىلھام بېرىش، رىقابەتلىشىش، ئىجاد قىلىش، تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ ياخشى سەھنىسى. بازار بولمىسا، نامراتلىق، ئىقتىدارسىزلىق، ھورۇنلۇق ئىللەتلىرى يامراپ كېتىدۇ. پىلانلىق ئىگىلىك ئەنە شۇ ئىللەتلەرنىڭ ئانىسى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىدە يوقىرىقى ئىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. پىلانلىق ئىگىلىك شارائىتىدا ھەممە ئادەمنىڭ يەيدىغان ئادەتتىكىچە تامىقى، ئادەتتىكىچە كىيىمى بولدى، زاۋۇتلاردا كادىر ۋە ئىشچىلارنىڭ مائاشى ئوخشاشلا تارقىتىلدى، زاۋۇت، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپ چىقارغان تاۋارلىرى ئىستېمالچىلارنىڭ قارشى ئېلىش - ئالماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ئېلىنىۋەردى. زاۋۇتنىڭ قەرز ئالغان مەبلىغى نەچچە يۈز تۈمەنلەپ دەپتەرگە يېزىلىۋەردى، مەسئۇلىيەت ئېنىق بولمىدى، ئىشلەپ چىقارغۇچىلار پايدا - زىيان بىلەن كارى بولمىدى. ھەممىيلەن تېتىقسىز «داش قازان تامىقى»نى يېيىشكە ئادەتلەندى، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا «تەشكىل بار، ھۆكۈمەت بار» دەپ يۆلىنىۋېلىش كۆچىيىپ، «ئېشەك يايىنىڭ، تاغا يايىنىڭ، يىقىلسا يۆلىمەيمىز، ئۆلسە تۆلىمەيمىز» دېگەن مۇقام بويىچە مېڭىۋەردى.

پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ باھار شامىلى ئۇزاق ۋاقىت داۋاملاشقان بۇرۇقتۇملۇق ۋە چېكىنىشكە خاتىمە بەردى. بىز ھەممىگە قايتىدىن نەزەر سېلىپ، بۇرۇن ئىشلىگەن ئىشلىرىمىزغا نىسبەتەن ئىسلاھات ئېلىپ باردۇق. ئىسلاھات ئالدى بىلەن يېزىلاردىن باشلىنىپ، يېزىلاردا مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، دېھقانلارغا ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى بېرىلدى. شەھەرلەردە كۆكتات، سۇ

مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقا ئۇششاق تاۋارلارنىڭ باھاسى كەينى - كەينىدىن قويۇپ بېرىلدى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىمۇ قويۇپ بېرىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا دۆلەت كارخانىلىرى داش قازاننى چېقىشقا مەجبۇر بولدى. مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتىرە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يېزا ئىسلاھاتىغا تۈرتكە بولغاندەك، ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمى ۋە داش قازاننى چېقىش دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، تەڭ تەقسىماتچىلىق، رىقابەت بولماسلىق، ھورۇنلۇق خاھىشلىرى تۈگىتىلىپ، ئۇنۇمگە ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بولدى. نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھات كارخانىلارنى مۇستەقىل تاۋار ئىشلەپ چىقارغۇچىغا ۋە تىجارەت قىلغۇچىغا، ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىدىغان، پايدا - زىيانىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى راۋاجلاندۇرىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى چەكلەيدىغان بازار سوبيېكتىغا ئايلاندۇرىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئازاد قىلىشقا تېگىشلىك بولغان، ئازاد قىلىش ئىمكانىيىتى بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى نىشانى – جەمئىيەتنى تېزلىكتە، ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش. پارتىيىنىڭ 14- قۇرۇلتىيىدىن بۇيان مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە، تاشقى سودا، تاشقى پېرېۋوت، پىلان، مەبلەغ سېلىش، باھا، ئوبوروت، تاۋار ئۆي ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق ساھەلەرنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتلىرى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، بازارنىڭ بايلىقنى تەقسىم قىلىشتىكى ئاساسلىق رولى روشەن ھالدا كۈچەيتىلدى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى ئاشتى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ياخشىلاندى. دۆلىتىمىزنىڭ 1992- يىلدىن 1997- يىلغىچە مەملىكەت ئىچىدىكى ئومۇمىي ئىشلەپچىرىش قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11 پىرسەنت ئاشتى. 1997- يىلى مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 7 تىرىليون 477 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992- يىلدىكى 2 تىرىليون 663 مىليارد 800 مىليون يۈەننىڭ 2.8 ھەسسىسىگە تەڭ بولدى. 1997- يىلى دۆلەتنىڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسى 139 مىليارد 900 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1992- يىلىغا قارىغاندا 7.2 ھەسسە ئاشتى. تاشقى سودا يىللىق ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 325 مىليارد 100 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1992- يىلدىكىدىن بىر قاتلاندى.

شىنجاڭنى ئالىدىغان بولساق، پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ، بازار ئىگىلىكى يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدا شانلىق نەتىجــىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بازار ئىگىلىكى ئۇيقۇدا ياتقان تيانشاننىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى ئويغىتىپ، ھەرقايسى ساھەلەرگە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. 1978- يىلدىن 1997- يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئالتە ھەسسە ئېشىپ، ئىككى يېرىم قاتلاندى. 1997- يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 105 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.8 پىرسەنت ئاشتى، ئۇل ئەسلىھەلەر كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى. مەسىلەن، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى قوش لىنىيىلەشتۈرۈلدى، ئۈرۈمچى ۋوگزالى تۆمۈر يولنىڭ ئاخىرقى بېكىتىدىن شىنجاڭ تۆمۈر يول قاتنىشىنىڭ تۈگۈنىگە ئايلاندى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، يۈزى قاتۇرۇلغان تاشيول 30 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشتى، ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە شىركىتى مۇھىم خەلقئارا ئايروپورت بولۇپ قالدى، نۇركابېل خەۋەرلىشىش يولى ئاساسەن ئومۇملاشتى. تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا گۈزەل ئۈرۈمچى شەھىرىدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان چوڭ - كىچىك چىرايلىق شەھەرلەر بارلىققا كەلدى.

20 يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا كونا كۆزقاراشلار يەنىلا تۈگىتىلگىنى يوق: خېلى بىرقىسىم كىشىلەردە بازار ئېڭى، ئۈچۈر قارىشى، تىجارەت قارىشى تېخىچە يېتىلمىگەن: ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ سانىغا ئەھمىيەت بېرىپ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك ئەھۋاللىرى خېلى ئېغىر دەرىجىدە ساقلانماقتا. شۇڭلاشقا كارخانىلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، يېزا ئىگىلىكىدە بازارلاشقان يېزا ئىگىلىكىنى يولغا قويۇپ، بازار ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، ئالىي سورتلۇق تۈرلەرنىڭ كۆلەملىشىشىنى چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم. داڭلىق مەھسۇلاتلارنى يارىتىش ئارقىلىق خەلقئارا ۋە ئىچكى بازارلارغا كىرىشكە جۈرئەت قىلىش، ئەنئەنىۋى بازار ئىگىلىكى كۆزقارىشىنى چۆرۈپ تاشلاپ، زامانىۋى كارخانا، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى بەرپا قىلىش كېرەك.

15- قۇرۇلتاي روھىنى تېخىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئىسلاھات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، بازارنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

(ئاپتور قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىدە ئىشلەيدۇ)

**جاۋابكار مۇھەررىر: مىجىت تاھىر**

---

(بېشى 28- بەتتە) ئىستېمالچىلىرىنىڭ كۆپچىلىككە ئەگىشىش ئىستېمال پسىخىكىسى يەنىلا بىرقەدەر كۈچلۈك. شۇڭا، كارخانىچىلار تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىستېمال باشلامچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق كۆپچىلىكنى بىرلىكتە ئىستېمال قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك. يېزىلار شەھەرلەردىن يىراق، ئالاقە ئىشلىرىدا توسالغۇلار كۆپ بولغاچقا، كارخانىچىلار تاۋار سودا يەرمەنكىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، يېزا ئىستېمالچىلىرىنى تاۋار ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئىستېمال ئېقىمىغا يېتىشىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

(6) سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتنى ياخشىلاش كېرەك. مۇلازىمەت ـ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىستېمال ساھەسىدىكى كېڭىيىشى بولۇپ، تاۋار بازارلىرىنى ئېچىشنىڭ كاپالىتى. شۇڭا كارخانىچىلار يېزا بازارلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئائىلىلەرگە بېرىپ مەخسۇس سۈپەت تەكشۈرۈش كارتىسى تەسىس قىلىپ، بەلگىلەنگەن مۇددەتتە ئائىلىلەرگە بېرىپ رېمونت قىلىپ بېرىش ۋە ئەڭ يېڭى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇش كېرەك.

پىكىر يولى چىقىش يولىنى بەلگىلەيدۇ. يېزا بازارلىرىدىكى يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا يېڭىچە ھەل قىلىش ئۇسۇلى بولۇشى كېرەك. مېڭىمىزنى ئىشقا سېلىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىدىغانلا بولساق، يېزا بازارلىرىنى ئېچىشتا چوقۇم يېڭى ۋەزىيەت يارىتالايمىز.

**جاۋابكار مۇھەررىر: ئابدۇكېرىم مامۇت**

# شانلىق مۇساپە، زور تەرەققىيات

(ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

## ھەبىبە يارى

بۇ يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىق بايرام كۈنى. ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان 45 يىلدىن بۇيان، پارتىيە، دۆلەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا غايەت زور تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، تەرەققىياتىمىز تېخىمۇ تېز، قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز تېخىمۇ زور بولدى. ئىشلەپچىقىرىش يىلدىن - يىلغا راۋاجلاندى، ئىقتىساد يىلدىن - يىلغا گۈللەندى، خەلق تۇرمۇشى يىلدىن - يىلغا ياخشىلاندى. بېسىپ ئۆتكەن شانلىق مۇساپىمىزنى ئەسلەيدىغان بولساق، قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمىز. ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى شانلىق مۇساپە، زور تەرەققىياتلارنى ئەسلەش، تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش بۈگۈندىن كېيىنكى يېڭى مۇساپە، يېڭى تەرەققىياتىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

45 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1997- يىلغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 105 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 1955- يىلدىكىگە قارىغاندا 38.55 ھەسسە ئاشتى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 25 مىليارد 596 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1955- يىلىدىكىگە قارىغاندا 96.23 ھەسسە ئاشتى؛ يىللىق مالىيە كىرىمى 13 مىليارد 535 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 78.24 ھەسسە ئاشتى؛ ئىجتىمائىي ئىستېمال تاۋارلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 31 مىليارد 42 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 35.4 ھەسسە ئاشتى؛ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 447 مىليون دوللارغا يېتىپ، 28.61 ھەسسە ئاشتى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن ئۇدا 20 يىل مول ھوسۇل ئېلىندى. يېزا ئىقتىسادى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. 1997- يىلغا كەلگەندە، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 45 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955- يىلدىكىگە قارىغاندا 12.47 ھەسسە ئاشتى. ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 8 مىليون 253 مىڭ 400 تونىنغا يېتىپ، 5.6 ھەسسە ئاشتى؛ پاختا مەھسۇلاتى 1 مىليون 500 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 60 ھەسسە ئاشتى؛ ياغلىقدان مەھسۇلاتى 299 مىڭ 500 تونىنغا يېتىپ، 3.84 ھەسسە ئاشتى؛ قىزىلچا مەھسۇلاتى 3 مىليون 857 مىڭ 100 تونىنغا يېتىپ، 3885.83 ھەسسە ئاشتى. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى يىلدىن - يىلغا يۈكسەلدى. 1997- يىلى چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 756 مىليون يۈەنگە، چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 40 مىليون 76

مىڭ 600 تۇياققا يېتىپ، 1955- يىلدىكىگە قارىغاندا 2.4 ھەسسە ئاشتى. 1997- يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 619 مىليون يۈەنگە، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 314 مىليون يۈەنگە، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 23 مىليارد 60 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ تېز تەرەققىي قىلدى. 1997- يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 70 مىليارد 810 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955- يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 181.56 ھەسسە ئاشتى؛ ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارىنى 1955- يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، پولات 998 مىڭ 900 تونىنغا يېتىپ، 128.19 ھەسسە، نېفت 16 مىليون 292 مىڭ 500 تونىنغا يېتىپ، 50.15 ھەسسە، كۆمۈر 30 مىليون 213 مىڭ 700 تونىنغا يېتىپ، 45.66 ھەسسە، سېمونت 6 مىليون 275 مىڭ 100 تونىنغا يېتىپ، 393.43 ھەسسە، توك 15 مىليارد 58 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 281.75 ھەسسە ئاشتى. خىمىيىۋى ئوغۇت 428 مىڭ 700 تونىنغا يەتتى.

قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدا بىر غېرىچمۇ تۆمۈر يول يوق ئىدى. 1958- يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدا تۆمۈر يول يوق بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. لەنجۇ - شىنجاڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يوللىرى ئارقا - ئارقىدىن ياسالدى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۆمۈر يول لىنىيىسى غول تۆمۈر يول لىنىيىلىرى ۋە تارماق تۆمۈر يول لىنىيىلىرىنى قوشقاندا 3240.9 كىلومېتىرغا يەتتى. 1994- يىلى 9- ئايدا لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈر يولى قوش لىنىيىلەشتۈرۈلدى. 1997- يىلى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 5 مىليارد 452 مىليون تونىنا كىلومېتىرغا، تۆمۈر يولدىكى يۈك توشۇش مىقدارى 29 مىليون 510 مىڭ تونىنغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 23 مىليارد 300 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، يولۇچى توشۇش مىقدارى 6 مىليون 100 مىڭ 200 ئادەمگە يەتتى.

1997- يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاۋىئاتسىيە پونكىتى 13كە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە مەملىكەت ئىچى - سىرتىغا بارىدىغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى 50كە يەتتى. ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكىتىمىز بويىچە ئاۋىئاتسىيە بېكىتى ئەڭ كۆپ، ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئەڭ ئۇزۇن، خەلق تۇرمۇشىغا ئىشلىتىدىغان ئايروپىلانلار قونالايدىغان ناھىيە - شەھەرلەر ئەڭ كۆپ بولغان، مۇكەممەل ئاۋىئاتسىيە ترانسپورت سىستېمىسى شەكىللەنگەن رايون بولۇپ قالدى. 1997- يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدا ھاۋا ترانسپورتى ئارقىلىق توشۇلغان يۈك مىقدارى 23 مىڭ 200 تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 70 مىليون تونىنا - كىلومېتىرغا، يولۇچى توشۇش مىقدارى 1 مىليون 384 مىڭ كىشىگە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليارد 969 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

تاش يول ترانسپورتىمۇ تېز راۋاجلاندى. 1997- يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاش يول ترانسپورت مۇساپىسى 32 مىڭ 53 كىلومېتىرغا يېتىپ، 1955- يىلدىكىگە قارىغاندا 3.688 ھەسسە ئاشتى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە ناھىيىلىرىگە ماشىنا قاتنىيالايدىغان بولدى. ئۈرۈمچى مەركەز قىلىنغان، غول لىنىيىلەر بىلەن تارماق لىنىيىلەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن، تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلغان تاش يول ترانسپورت تورى شەكىللەندى.

پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرى ئۇچقاندەك راۋاجلىنىپ، ھازىر ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەر، يېزا - بازارغىچە تۇتاشتۇرۇلغان پوچتا - تېلېگراف ئالاقە تورى شەكىللەندى،

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 98.7 پىرسەنت يېزا ـ بازارلاردا، 97.5 پىرسەنت مەمۇرىي كەنتتە، 100 پىرسەنت ناھىيە (تۈەن ـ مەيدان)دا، 90.7 پىرسەنت يېزا ـ بازار دەرىجىلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا پوچتا ئالاقىسى يولغا قويۇلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنى تۇتاشتۇرىدىغان رەقەملىك مىكرو دولقۇن ئالاقە قۇرۇلۇشى بىلەن ئاسىيا ـ ياۋروپا نۇر كابېلى شىنجاڭ قىسمىنىڭ پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالاقە ئىشلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 17 شەھەر، 75 ناھىيىدە شەھەر ئىچى تېلېفونى ئومۇملاشتۇرۇلدى. 17 شەھەر، 26 ناھىيە مەملىكەت بويىچە ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوماتىك تېلېفون تورىغا كىرگۈزۈلدى. 1997ـ يىلى پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 71 مىليون 552 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. 1955ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان چاغدا شىنجاڭ بويىچە ئۇچ ئالىي مەكتەپ، 79 ئوتتۇرا مەكتەپ، 2014 باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 425 مىڭدىن ئارتۇقراق ئىدى. 1997ـ يىلىغا كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ، ئالىي مەكتەپ 21گە، ئوتتۇرا مەكتەپ 2168گە، باشلانغۇچ مەكتەپ 7122گە، ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانى 3 مىليون 173 مىڭ 400گە يەتتى. تۇرلۇك ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 247 مىڭ 100گە يەتتى. 45 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھۆكۈمەت، ئالىي مەكتەپ، كارخانا، خەلق بىرلىكتە پەن ـ تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. 1997ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ناھىيىدىن يۇقىرى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مۇستەقىل تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى 131گە، ئالىي مەكتەپلەر باشقۇرغان تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى 63كە، چوڭ، ئوتتۇرا سانائەت كارخانىلىرى باشقۇرغان تېخنىكا تەرەققىيات ئورگانلىرى 75كە، پەن ـ تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار 35 مىڭ 800گە يەتتى. 1997ـ يىلى زور قىممەتكە ئىگە پەن تەتقىقات نەتىجىسى 558گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى مەملىكەت ئىچىدە ۋە خەلقئارادا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. 1997ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سەھىيە ئاپپاراتلىرى 6614كە يېتىپ، 1955ـ يىلىدىكىگە قارىغاندا 16 ھەسسە كۆپەيدى؛ سەھىيە تېخنىك خادىملىرى 92 مىڭ 600گە يېتىپ، 14 ھەسسە كۆپەيدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 43 مىڭغا يېتىپ 31.8 ھەسسە ئاشتى؛ سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت سەھىيە تېخنىكا خادىمى 32 مىڭ 200گە يېتىپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 36.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى 30 ياشتىن 65 ياشقا ئۇزاردى.

مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىشلىرى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1997ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سەنئەت ئۆمىكى 89غا، مەدەنىيەت يۇرتى 91گە، ئاممىۋى كۇتۇپخانا 70كە، مۇزېي 14كە، ئارخىپخانا 140قا، كىنو قويۇش ئورۇنلىرى 156گە، رادىئو ئىستانسىسى 33كە، ئوتتۇرا ۋە قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو ئىستانسىلىرى ۋە ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىلىرى 39غا، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 27گە، رادىئونىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 79.2 پىرسەنتكە، تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 82.5 پىرسەنتكە، بىر كىلوۋاتلىقتىن يۇقىرى قۇۋۋەتلىك تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئىستانسىسى ۋە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى

56گە يەتتى. 1997- يىلى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئورگان گېزىتخانىسى 22گە، گېزىت تۈرى 48گە، تۈرلۈك كەسپىي گېزىتخانىلار 16گە، گېزىت تۈرى 36گە، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى گېزىت 42 خىلغا يەتتى. قەرەللىك ژۇرنال 156گە، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى ژۇرنال 86گە، ھەر خىل نەشرىياتلار توققۇزغا يەتتى. 1997- يىلى 215 مىليون 120 مىڭ نۇسخا گېزىت نەشر قىلىندى.

45 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلىرى خەلقئارا مۇسابىقىلەردە 54 ئالتۇن مېدال، 21 كۈمۈش مېدال، 19 مىس مېدالغا، مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن رەسمىي مۇسابىقىلەردە 58 ئالتۇن مېدال، 55 كۈمۈش مېدال، 46 مىس مېدالغا ئېرىشتى.

45 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاندى. 1997- يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى 1500 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 6644 يۈەنگە، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت قويغان پۇلى 34 مىليارد 771 مىليون يۈەنگە يەتتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي شارائىتى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ 13.3 كۋادرات مېترغا، دېھقانلارنىڭ 16.13 كۋادرات مېترغا يەتتى. 50 مىڭدىن ئارتۇق چارۋىچى ئائىلىسى مۇقىم ئولتۇراقلاشتى. ئولتۇراق ئۆي سۈپىتى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيى ياخشىلاندى. شەھەر - يېزا بازارلىرى ئاۋاتلاشتى. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى.

بىزنىڭ 45 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قولغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق غەلىبىسى، پارتىيە، دۆلەتنىڭ ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن بەرگەن ياردىمى ۋە مەدىتىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ئەمگەكچان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىدۇر. 45 يىللىق شانلىق مۇساپىنى ئەسلىگىنىمىزدە، مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىمىزنى يەكۈنلەش بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچى، پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇلدى ۋە ئۇ ئىزچىل ئىجرا قىلىندى. پارتىيىمىز ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ۋە رېئال ئەھۋالىنى بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقتى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى - پارتىيىمىزنىڭ ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي سىياسىتى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇ鲊 سىۋەتلەرنى توغرا ھەل قىلىشىمىزنىڭ مىزانى. ئۇنىڭدا مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ئاساسىدا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە تۈپ سىياسىي تۈزۈم بولۇپ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

شىنجاڭدا 1954- يىلدىن ھازىرغىچە ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا ئاساسەن تۈرلۈك يەرلىك قائىدە - نىزاملاردىن 128ى تۈزۈلۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ

ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى قانۇن شەكلى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلدى. ھازىرغىچە بىر ئاپتونوم رايون، بەش ئاپتونوم ئوبلاست، ئالتە ئاپتونوم ناھىيە، 42 ئاپتونوم يېزا قۇرۇلۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلدى. ئاپتونومىيىلىك ۋە بەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى رەھبەرلىك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. ھازىر ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى، ئاپتونوم رايون، ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە، ۋىلايەت، ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى ئۆتىمەكتە. 45 يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئىزچىل ئىجرا قىلىندى. 45 يىللىق ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى پۈتۈنلەي توغرا بولۇپ، غايەت زور ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇردى. ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملىدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئورنى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈردى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينىدى. شۇڭا پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىدە يەنىمۇ چىڭ تۇرۇش لازىم.

ئىككىنچى، مىللەتلەر باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلدى. دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. دۆلىتىمىزدە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، تىنچ - ئىتتىپاق بولۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئومۇمىي خاراكتېرلىك زور مەسىلە. مىللەتلەر باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ كاپالىتى. يولداش ماۋزېدۇڭ: «مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى — ئىشلىرىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى» دەپ كۆرسەتكەن («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 5- توم، 668- بەت). ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى. ئازادلىقتىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، بولۇپمۇ پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، مىللىي مەسىلە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتە بىرقاتار ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى پەيدىنپەي ئەسلىگە كەلتۈردى. 45 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە تۈپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئۇزاق مۇددەتلىك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، ئۆزئارا ئىشىنىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ياردەم قىلىپ چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىندى. 1983- يىلدىن باشلاپ ھەر يىلىنىڭ بەشىنچى ئېيى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

ئېيى قىلىپ بەلگىلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى. «ئىككى ئايرىلالماسلىق» تەربىيىسى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدا مىللىي باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ئۆزئارا ھەمكارلىششتەك سوتسىيالىستىك يېڭى مۇناسىۋەت شەكىللەندۇرۇلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 45 يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قاچان پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ئىزچىللىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلسە، ئىشلىرىمىز ئالغا ئىلگىرىلىدى، غەلىبە قىلدى، قاچان پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلماي، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈلسە، ئىشلىرىمىز ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى. دېمەك، شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بولمىسا، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ غەلىبىسى بولمايدۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ئۈنۈملۈك قارشى تۇرغىلىمۇ بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلدى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە تۈرلۈك كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم سىياسىتى، ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى، شۇنداقلا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى دۆلەتنىڭ پۈتكۈل كادىرلار خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈردى. بۈگۈنكى كۈندە، ئاپتونوم رايونىمىزدا پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قەدەر يۇقىرى ساپاغا ئىگە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنى شەكىللىنىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تايانچ كۈچىگە ئايلاندى. ئۇلار ئىچىدىكى زور بىر قىسىم كوممۇنىستىك ئاڭغا ۋە رەھبەرلىك ئىقتىدارىغا ئىگە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە. 45 يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرگەندىلا، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرغىلى، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ھەققىي ئەمەلىيلەشتۈرگىلى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكىلى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ. شۇڭا، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك يوللار ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك.

تۆتىنچى، پارتىيە، دۆلەت شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە مالىيە جەھەتتىن كۆپلەپ ياردەم بەردى. ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان 45 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بىر قاتار ئېتىبار بېرىش تەدبىرلىرى ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى بەلگىلەپ، مالىيە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆپلەپ ياردەم بەردى. 1988- يىلدىن باشلاپ دۆلەت ھەر يىلى شىنجاڭغا 1 مىليارد 529 مىليون يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن

باشقا يەنە نۇرغۇن ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويدى. 1963- يىلدىن باشلاپ دۆلەت شىنجاڭ مالىيە ئومۇمىي تەييارلىق خىراجىتىنى باشقا ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭكىدىن 2 پىرسەنت يۇقىرى ئورۇنلاشتۇرسا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەپ، شىنجاڭنىڭ زاپاس مالىيە كۈچىنىڭ يىلدىن - يىلغا ئېشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. دۆلەت يەنە شىنجاڭدىكى 54 ناھىيىنىڭ مىللىي سودا كارخانىلىرىنىڭ پايدىسىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئۆزىگە قالدۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى، شۇنداقلا خەلق تۇرمۇشىغا زۆرۈر بولغان بۇيۇملارغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن چاي، تۇز، سەرەڭگە قاتارلىقلارغا ئەڭ يۇقىرى باھا چېكى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشتا قوغداش باھاسىنى يولغا قويدى. دۆلەت يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامرات رايونلىرىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى. 1977- يىلدىن 1981- يىلغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى سەككىز نامرات ناھىيىنى نۇقتىلىق يۆلەشنى بەلگىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن 84 مىليون 20 مىڭ يۈەن پۇل تارقاتتى. 1985- يىلدىن باشلاپ دۆلەت ھەر يىلى 5 مىليون يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ئاجرىتىپ، 71 ناھىيىنى نۇقتىلىق يۆلىدى. 1986- يىلدىن 1989- يىلغىچە بانكا ئارقىلىق نامرات رايونلارغا 116 مىليون يۈەن تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇل تارقاتتى. 1992- يىلى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن سەككىز تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. دۆلەت يەنە ئىچكىرىدىكى ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلارنى ئاپتونوم رايونىمىزغا ياردەم بېرىشكە، شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىش، بىرلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش، بىرلىشىپ ئېچىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئىقتىساد - تېخنىكا جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا تەشكىللىدى. دۆلەتنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا ھەر جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرى تېز راۋاجلاندى. 45 يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەگەر دۆلەتنىڭ ۋە ئىچكىرىدىكى تەرەققىي تاپقان ئۆلكە، رايونلارنىڭ زور كۈچ بىلەن بەرگەن ياردىمى بولمىغان بولسا، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. شىنجاڭنىڭ ئىچكى رايونلار بىلەن بولغان پەرقىنى ئازايتىش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈپ، تەرەققىياتىنى يەنىمۇ تېزلىتىش ئۈچۈن، چوقۇم دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچى، ئەقلىي كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر. لېكىن شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتە دۆلەتنىڭ ۋە تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ياردىمىگىلا تايىنىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئۇنى چوقۇم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىز مىللىي ئىگىلىكىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى پائال تۈردە مۇۋاپىق ئېچىپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرغاندىلا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يەنىمۇ تېزلەتكىلى بولىدۇ.

**جاۋابكار مۇھەررىر: يۈسۈپ ھامۇت**

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئىسلاھات جۇڭگودىكى 2- قېتىملىق ئىنقىلاب» دېگەن ئىدىيىسى توغرىسىدا

خېلىل ئەلى

1985- يىلى 3- ئاينىڭ 28- كۈنى دېڭ شياۋپىڭ نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھاتنىڭ خاراكتېرى ئۈستىدە توختالغاندا: «ئىسلاھات جۇڭگودىكى 2- قېتىملىق ئىنقىلاب» دەپ كۆرسەتكەندى («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3- توم، 231-بەت). بۇ ئىلمىي نەزەرىيە ئىسلاھاتنىڭ خاراكتېرى، ئەھمىيىتى، شۇنداقلا سوتسىيالىزمنىڭ تىنچ تەرەققىيات دەۋرىدىكى ئىنقىلابنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى ئىلمىي ئاساستا شەرھلەپ بەردى.

1. بۇ ئىدىيە سوتسىيالىزمنىڭ ئىدىيىۋى تارىخىدىكى بىر قېتىملىق يېڭى سەكرەش.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، ئۈستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىس ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى نېگىزلىك زىددىيەت، شۇنداقلا سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەت. ئەمما، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ سوتسىيالىستىك سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئورنىتىلغاندىن كېيىن يەنىلا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەكمۇ-يوق؟ ئەگەر كېرەك بولسا، بۇ ئىسلاھاتنىڭ خاراكتېرى قانداق بولىدۇ؟ جۇڭگودەك ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى قالاق بولغان سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى دۆلەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە جىددىيلىكى قەيەردە؟ بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردە «ئىسلاھات بىر مەيدان يېڭى ئىنقىلاب. ئۇ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى كونا تۈزۈلمە ۋە زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە» دەپ كۆرسىتىپ، يېڭى تارىخىي دەۋردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىسى پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى بىر قاتار ئىلمىي نەزەرىيىلىرىدە تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى.

1978- يىلى 10- ئايدا دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگو ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 9- قۇرۇلتىيىغا يازغان تەبرىك خېتىدە: «ھەرقايسى ئىقتىسادىي سەپلەر تېخنىكا جەھەتتىلا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا موھتاج بولۇپ قالماستىن، بەلكى تۈزۈلمە ۋە تەشكىلىي جەھەتتىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا موھتاج. بۇ بىر مەيدان ئىسلاھات دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى قالاق ھالىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملەيدىغان ئۇلۇغ ئىنقىلاب» دەپ كۆرسەتكەندى (يۇقىرىقى كىتاب، 2- توم، 288- بەت). شۇ يىلى 12- ئايدا مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىدا دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەشنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، «ئەگەر ئەمدىلىكتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىسا بىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز پۈتۈنلەي بەرباد بولىدۇ» دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىسىگە ئاساسەن، پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا: «ئىسلاھات بىر مەيدان كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىنقىلاب» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1985- يىلى 3- ئايغا

كەلگەندە «ئىسلاھات جۇڭگودىكى 2 ـ قېتىملىق ئىنقىلاب» دەپ رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 20 يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ۋە ئۆزگىرىشلەر ئىسلاھاتنىڭ بىر مەيدان يېڭى ئىنقىلاب، شۇنداقلا 2 ـ قېتىملىق ئىنقىلاب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئىدىيىۋى سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ماركس، لېنىن، ماۋزېدۇڭ قاتارلىق ئۇلۇغ زاتلارنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى نېگىزلىك زىددىيەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنىڭ ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىنىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تارىخىدىكى بىر قېتىملىق يېڭى سەكرىش، شۇنداقلا سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى يەنىمۇ چۈشىنىشتە مۇھىم بىر بۆسۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2. بۇ نەزەرىيە ئىسلاھاتنىڭ ماھىيىتى ۋە ئەھمىيىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلاپ بەردى.

جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا ئىككى قېتىملىق زور ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇنىڭ بىرى، ماۋزېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئېلىپ بارغان دېموكراتىك ئىنقىلاب؛ يەنە بىرى، دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى 2 ـ ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتتىن ئىبارەت. بۇ ئىككى قېتىملىق ئىنقىلابنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ تۈپ مەقسىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تۈپتىن ئازاد قىلىش ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن ئىككى قېتىملىق ئىنقىلاب بىر ـ بىرىدىن يەنىلا پەرقلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، ئىنقىلابنىڭ ئوبيېكتى ئوخشىمايدۇ. ئىككىنچىدىن، بىرىنچى قېتىملىق ئىنقىلابنىڭ ھەل قىلىدىغىنى بولسا كىشىلەرنىڭ ماددىي مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى تۈپكى قارىمۇقارشى بولغان زىددىيەتتىن ئىبارەت. ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلابنىڭ ھەل قىلىدىغىنى بولسا، تۈپ مەنپەئەت بىردەكلىكى ئاساسىدىكى كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. ئۈچىنچىدىن، ئىنقىلابنىڭ ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. نېمە ئۈچۈن ئىسلاھاتنى بىرمەيدان يېڭى ئىنقىلاب دەيمىز؟ تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇنى ئىنقىلابنىڭ ماھىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن. بىر جەمئىيەتتە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتنىڭ ئىنقىلاب ياكى ئىنقىلاب ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا، يەنىلا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، بۇ ئىنقىلابنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا قاراش لازىم. بۇ بىر مەيدان ئىنقىلاب، تۈپ مەنىدىن ئالغاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويغان كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 ـ يىغىنىدىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات يېزىلاردىن شەھەرلەرگىچە، سانائەتتىن سودا ۋە پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپقىچە، ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروتتىن ئىستېمالنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ تەقسىماتىغىچە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغىچە كېڭىيىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، خىزمەت ئۇسۇلى، كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىدە بىر قاتار چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى، بۇلاردىن بىز ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇر تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

3. ئىسلاھات ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئازاد قىلدى ۋە راۋاجلاندۇردى.

ئىسلاھاتنىڭ بىر مەيدان يېڭى ئىنقىلاب بولۇشى، تۈپ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئازاد بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، 12- قۇرۇلتايدىن كېيىن ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. ئىسلاھات يېزىلاردىن شەھەرلەرگە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئىسلاھاتىغىچە كېڭىيىپ ۋە چوڭقۇرلىشىپ، زور تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. ئەمەلىيەت دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى 20 يىل مابەينىدە، ئىسلاھات تەرەققىياتىنىڭ ئۈچ چوڭ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

بىرىنچى باسقۇچ، 1981- يىلدىن 1983- يىلغىچە بولغان باسقۇچ بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئىسلاھات ئالدى بىلەن جۇڭگو يېزىلىرىدىن باشلاندى. مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىزدىنىش، سىناق قىلىش، خۇلاسىلەش، كېڭەيتىش ئارقىلىق يەرلەرنى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تەدرىجىي يولغا قويۇلدى. 3- ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا مەركىزىي كومىتېت ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە قېتىم يىغىن ئېچىپ، قارار ماقۇللاپ، ئەتراپلىق ھالدا ھەرخىل شەكىلدىكى ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە تەدرىجىي كېڭەيتتى. قىسقىغىنە بىر نەچچە يىلدا يېزىلاردا ئاجايىپ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، ئىسلاھات جۇڭگو يېزىلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئازاد قىلدى. 1981- يىلدىن كېيىن يېزا ئىگىلىكى ھەر يىلى تەخمىنەن ئون پىرسەنتلىك يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئېشىپ باردى. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

ئىككىنچى باسقۇچ، 1984- يىلدىن 1988- يىلغىچە بولغان باسقۇچ بولۇپ، بۇ باسقۇچتا 1984- يىلدىن باشلاپ كېڭىشىش، پۇختا تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق ئىسلاھات يېزا ئىسلاھاتىدىن شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا يۈزلەندى. 1984- يىلى 2- ئاينىڭ 24- كۈنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون توغرىسىدا» سۆزلىگەن نۇتقىدىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېت دەل ۋاقتىدا بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى بەلگىلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن شەھەرلەردە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەرتىپلىك ۋە كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى. شەھەر تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشنى «داش قازان تامىقى»نى چېقىپ تاشلاشتىن باشلاپ، كارخانىلارنىڭ پايدا ۋە بېجىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنى ئىخچاملاپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، كۆپ خىل ئىقتىسادىي شەكىل ۋە تىجارەت شەكىللىرىنى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇردى. پىلان، سودا، پەن - تېخنىكا، پۇل مۇئامىلە، كادىر باشقۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردە بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرى يولغا قويۇلغاچقا، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىكى جانلاندۇرۇلۇپ، ئوبوروتى تېزلىتىلدى. ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش تۆت ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون، دېڭىز ياقىسىدىكى 14 شەھەرگىچە، ھەتتا خەينەن ئارىلىغىچە كېڭەيتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىدا يېڭى كۈچلەر بىردىنلا پەيدا بولۇشقا باشلىدى. 1987- يىلغا كەلگەندە، مەملىكەت بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئەمگەكچىلەرنىڭ سانى 88 مىليون 50 مىڭغا، ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 476 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1984- يىلدىن 1988- يىلغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور دەرىجىدە ئازاد قىلىنىپ، سانائەت ئومۇمىي

مەھسۇلات قىممىتى 6 تىرىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 21.7 پىرسەنتتىن توغرا كېلىپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قاتلىنىشىدىن بىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ بىر خىل ئىچكى باغلىنىش مۇناسىۋىتىدە بولىدىغانلىقىنى يەنىمۇ چۈشىنىۋالدۇق. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى. شۇڭا، ئەسىر ئالمىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىمىز لازىم.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي فاكۇلتېتىدا ئىشلەيدۇ)

**جاۋابكار مۇھەررىر: مىجىت تاھىر**

(بېشى 39- بەتتە) ئېچىش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى كۆمۈرنى ئاساس قىلغان ئېنېرگىيە ئىستېمال قۇرۇلمىسى نېفىت، تەبىئىي گاز، سۇ، شامال قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلار مول بولۇش ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا، 10- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، كۆمۈرنىڭ شىنجاڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتىدىكى سالمىقىنى تەدرىجىي تۆۋەنلىتىش، تەبىئىي گاز، سۇ ئېنېرگىيىسى، يەر ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى، شامال كۈچى ئېنېرگىيىسى قاتارلىق پاكىز ئېنېرگىيىلەرنى ئېچىش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، شىنجاڭدا يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭ ئېلېكتر كۈچى سانائىتىدىكى قالاقلىق ھالەتنى تېزلىكتە ئۆزگەرتىش كېرەك.

6) مۇھىت بايلىقىدا مۈلۈك ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، مۇھىت بايلىقى باھاسىنى مۇۋاپىق تەڭشەش ئارقىلىق، مۇكەممەللەشكەن مۇھىت بايلىقى بازىرىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن «بايلىقنىڭ باھاسى بولماسلىق، خام ئەشيانىڭ باھاسى تۆۋەن بولۇش، مەھسۇلاتنىڭ باھاسى يۇقىرى بولۇش»تىن ئىبارەت يۇقىرى سەرپىيات ئارقىلىق كۆپ ئىشلەپچىقىرىش، يۇقىرى بۇلغىنىش تىپىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى مۇھىت بايلىقىنىڭ باھاسى بولۇش، مۇھىت بايلىقىنى ھەقلىق ئىشلىتىش ھەم ئاز سەرپىيات ئارقىلىق كۆپ ئىشلەپچىقىرىش، تۆۋەن دەرىجىدە بۇلغاش تىپىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىپ، مۇھىت بايلىقىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن ئىشلىتىش ھوقۇقى ۋە تەبىئىي بايلىق مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ئايرىش ئارقىلىق كارخانا ۋە شەخسلەرنىڭ مۇھىت بايلىقىنى قوغداش، باشقۇرۇش ۋە مەبلەغ سېلىپ ئېچىپ پايدىلىنىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، سۇ، ئېنېرگىيە قاتارلىق مۇھىت بايلىقلىرىنىڭ باھاسىنى تەڭشەپ، بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش ۋە بۇلغىنىش پەيدا قىلىدىغان ئىجتىمائىي تەننەرخنى باھادا تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش، بۇلغىنىش ھەققى بېجى دائىرىسىنى قەدەممۇقەدەم كېڭەيتىش كېرەك. كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىپ، ئۆسۈملۈك تېرىپ ئوتلاق بىنا قىلىپ، سۇ مەنبىيىنى ساقلاپ قالغۇچىلارغا، بۇلغىنىش ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈپ، تۆۋەن ئېقىننى پاكىز سۇ بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرگە مەنپەئەت ئالغان رايون ياكى دۆلەت مۇناسىپ تۆلەم بېرىش كېرەك.

(ئاپتور شىنجاڭ داشۆ ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىدا ئىشلەيدۇ)

**جاۋابكار مۇھەررىر: يۈسۈپ ھامۇت**

# پارتىيىنىڭ كادىرلار لۇشيەنىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، مۇنەۋۋەر كادىرلار قوشۇنى بەرپا قىلايلى

ياسىن هاشىم

پارتىيىنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى بەلگىلەيدۇ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ئۇچۇن خىزمەت قىلىدۇ ھەمدە پارتىيە لۇشيەنىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ــ مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىپ، مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۇچۇن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ئاساسىي لۇشيەنگە ئاساسەن، پارتىيىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى تەشكىلىي لۇشيەنى پارتىيىنىڭ تەشكىلىي خىزمىتى ۋە كادىرلار خىزمىتىنى جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنىڭدا ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي خىزمىتى ۋە كادىرلار خىزمىتى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى دەۋر قىلىشى، بۇ مەركەز ئۇچۇن خىزمەت قىلىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى ماركسىزمغا سادىق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا چىڭ تۇرىدىغان، ئەمەلىي، جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىدىغان كۈچلۈك رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا ئايلاندۇرۇش ئۇچۇن، كادىرلار قوشۇنىنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىم ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش فاڭجېنىغا ئاساسەن، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىكلەرنى ئۆستۈرۈش پرىنسىپى بويىچە زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كادىرلارنى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە كىرگۈزۈش زور ۋەزىپە بولۇپ، بۇ پارتىيىنىڭ لۇشيەنىنىڭ ئىزچىللىقىغا ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئامان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئۇلۇغۋار پىلان، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنىڭ ئېھتىياجى.

ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك رەھبەرىي كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش ئومۇملۇققا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك ئىش ۋە مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىت ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلارغا يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدى. لېكىن نۆۋەتتە رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ سۈپىتى تۆۋەن بولۇش، ياش كادىرلار كەمچىل بولۇش مەسىلىسى ھېلىھەم بىر قەدەر گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. بۇ ھال پارتىيىمىزنىڭ ئالدىغا مۇنداق ئىككى مۇھىم ۋە جىددىي ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى قويىدى: (1) ھازىرقى رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلالايدىغان كۈچلۈك رەھبەرلىك كوللېكتىپى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش؛ (2) مۇنەۋۋەر كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش ئىشىنى چىڭ تۇتۇپ، تىرىشىپ يېڭى ئەسىرگە

يۈزلەنگەن، ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، رەھبەرلىك قابىلىيىتىگە ئىگە، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيدىغان، ئاممىا ھىمايە قىلىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش.

ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى پارتىيىمىز ئۈچۈن بىر يۈرۈش توغرا كادىرلار لۇشيەنىنى تۈزۈپ بەردى. دېڭ شياۋپىڭ بۇ لۇشيەنىنى ئىجادىي ھالدا جارى قىلدۇرۇپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، پىشقەدەم كادىرلار بىلەن ياش كادىرلار ھەمكارلىشىدىغان ۋە ئورۇن ئالمىشىدىغان نورمال قۇرۇلمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا شەكىللەندۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان زور بىر تۈركۈم ياش، ئوتتۇرا ياش كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ، بەنزىنى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 20 نەچچە يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتى مۇنەۋۋەر، ياش، قابىلىيەتلىك كادىرلارنى چېنىقتۇرىدىغان، تاۋلايدىغان ئوچاق بولدى. ئۇلار ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە يېتىلىپ، دادىل ئىزدىنىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، پارتىيىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى بولۇپ قالدى. تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرىمىز ماۋزېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ تىكلەپ بەرگەن كادىرلار لۇشيەنىدە، يەنى ياخشىلارنىلا ئىشقا قويۇش، ھەر يەر - ھەر يەردىن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش پرىنسىپلىرىنى، كادىرلارنى تۆتلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش ئۆلچىمىنى ئاكتىپ ئىجرا قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى مۇھىم تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى. نۆۋەتتە بىزنىڭ كادىرلار قوشۇنىمىزنىڭ ئاساسىي ئېقىمى. لېكىن شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، بەزى جايلار، تارماقلار ۋە ئورۇنلاردا، ئايرىم كادىرلىرىمىزدا، بولۇپمۇ ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلىرىمىزدا كادىر تاللاش، كادىر ئىشلىتىش، كادىر ئۆستۈرۈش مەسىلىسىدە يائۇنداق، يامۇنداق بەزى ناتوغرا ئىستىللار ۋە ناتوغرا قاراشلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلانماقتا. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى شۇكى:

1. بەزى رەھبىرىي كادىرلار توغرا كادىرلار لۇشيەنىدە چىڭ تۇرماي، ئەكسىچە يېقىنلىرىنى ئىشقا قويماقتا، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرىنى تەڭلىكتە قالدۇرۇپ ياكى بېسىم ئىشلىتىپ، ئايرىم شەخسنىڭ گېپى گەپ بولۇش ھالىتىنى شەكىللەندۈرمەكتە.

2. بەزى تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرىنىڭ كادىر تاللاش، ئۆستۈرۈش، تەكشۈرۈش، سىناش، چېنىقتۇرۇش ئىشلىرىدىمۇ مېتافىزىكىلىق، بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ناتوغرا ئىستىللار مەۋجۇت. شۇ سەۋەبتىن «گۆھەر» لەر كۆمۈلۈپ قېلىپ، شاللاقلار، پوچىلار، ئىقتىدارسىزلار باش كۆتۈرۈپ، ياخشىچاقلار، ساختىپەزلەر ھوقۇق تۇتۇۋاتىدۇ. زىيابەت ئۈستىدە، داستىخان ئۈستىدە ۋەدە بېرىش ئەھۋاللىرى ئېغىر.

3. كادىر تاللاش، ئۆستۈرۈش مەسىلىسىدە ئىچى تارلىق، ھەسەتخورلۇق ھادىسىلىرى مەۋجۇت. بۇ خىل ئەھۋال بىر قىسىم كادىرلار ئىچىدىمۇ، تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرىدىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلانماقتا. تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرى بىرەر كادىرنى چۈشەنمەكچى بولسا، ئەھۋال تونۇشتۇرغۇچىلار ھەرقايسىسى ئۆز مۇددىئاسىنى ئاساس قىلىدۇ، شۇ كادىرغا نىسبەتەن تارىخىي، ئوبيېكتىپ ھالدا باھا بەرمەيدۇ. يەتتە ئۈلۈش بىلەن ئۈچ ئۈلۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋېتىدۇ. ئايرىم تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرى بىر تەرەپلىمە پىكىرلەرگە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدۇ-دە، ئېغىش يۈز بېرىدۇ. بۇ، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھەسەتخورلۇق، ئىچى تارلىقتىن ئىبارەت.

4. بەزى جايلاردىكى كادىرلار قوشۇنىدا «ئەمەل - پۇل سودىسى» قىلىش، ئوچۇق ئاشكارا ھالدا ئەمەل تەلەپ قىلىشتەك رەزىل خاھىشلار مەۋجۇت. بەزى كادىرلار ئاشكارا ھالدا ئاۋۋال پۇل تېپىپ

ئاندىن ھوقۇقتا ئىزىشمەكتە، يەنە بەزى كىشلەر ئاۋۋال ھوقۇق تۇتۇپ، ئاندىن پۇل تاپماقتا، بىيىماقتا؛ بەزىلەر ئاشكارا ھالدا ئەمەل تەلەپ قىلىدىغان، ئىزدەپ قوغلاپ يۈرۈپ ئەمەل تەلەپ قىلىدىغان بولدى. بۇ كىشلەر ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ھەتتا نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئەمەلدارلارنىڭ خانىمى، يېقىنلىرىنى زىيارەت قىلىۋاتىدۇ، ئارىغا قويىۋاتىدۇ.

5. بيۇروكراتلىق قىلىپ كادىرلارغا مەسئۇل بولماسلىق. بەزى كادىرلاردا كادىرلار ئۈستىدىن قالايمىقان يەكۈن چىقىرىپ، يا يۇقىرىغا چىقارماي، يا تۆۋەنگە چۈشكىلى قويماي ئىسىپ قويۇش، پرىنسىپتا چىڭ تۇرماي باشقىلارنى خاپا قىلىپ قويۇشتىن قورقۇپ، ياخشىچاق بولۇۋېلىش، تەشكىلىي پرىنسىپتا سودىلىشىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. مۇشۇنداق ناتوغرا يوللار ۋە ۋاستىلەر بىلەن تاللانغان، ئۆستۈرۈلگەن كادىرلار قانداقمۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسۇن؟ بۇنداقلارنى ئىشقا قويۇش پارتىيىمىز ئىچىگە «سىياسىي سودىگەرلەر»نى سۆرەپ كىرگەنلىك. يۇقىرىدىكى ناتوغرا ئىستىللاردا بىر ئورتاق نۇقتا بار، ئۇ بولسىمۇ تەشكىل ۋە كوللېكتىپنىڭ قارارى دېگەن نام بىلەن ئادەم باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، سودا قىلىش يېقىنلىرىنىلا تارتىش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىشتىن ئىبارەت.

قانداق قىلغاندا ئەسىر ھالقىيدىغان يۇقىرى ساپالىق مۇنەۋۋەر كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ، ئىشلىرىمىزنىڭ داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟

مېنىڭچە بۇنىڭدا رەھبىرىي كادىرلىرىمىز پارتىيىنىڭ توغرا كادىرلار لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، كادىر تاللاش، تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش، ئۆستۈرۈشنىڭ جىددىي، شەرەپلىك ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇش، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈش، كادىرلار مەسىلىسىدىكى ھەر خىل ناتوغرا ئىستىللار، قاراشلار ۋە ئۇسۇللارنى تاشلامچىلىق بىلەن تۈسۈش، تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرى كادىرلار تاللاش، ئۆستۈرۈشتە تۆۋەندىكى بىرقانچە تەلەپنى ئورۇنداش لازىم.

1. يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە بولۇش، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە سادىق بولۇش لازىم. ئاڭلىق ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە بىردەك بولۇپ، پارتىيىنىڭ كادىرلار لۇشيەنى، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجادىي ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇش؛ ئىدىيىنى داۋاملىق ئازاد قىلىپ، تۈرلۈك كونا نۇقتىئىنەزەرلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئادەم ئىشلىتىشتە يېڭىچە نۇقتىئىنەزەر تىكلەش، يېڭى ۋەزىيەتتىكى كادىرلار خىزمىتىدە دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، يېڭى يول ئېچىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يارىتىپ، پارتكومنىڭ ياخشى ياردەمچىسى ۋە مەسلىھەتچىلىرىدىن بولۇش؛ پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئادىل، دۇرۇس بولۇش، كادىر ئۆستۈرۈش ۋە ئىشلىتىشتە «تۆتلەشتۈرۈش» فاڭجېنى، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئىش قىلىش، سىناش، تاللاش، يۆتكەش، تەيىنلەش، مۇكاپاتلاش، جازالاش ۋاقتىدا ھەم رەھبەرلىكنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاش، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش، ھەم قەتئىي ھالدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاممىۋى لۇشيەنىدە مېڭىپ، ئاممىنىڭ پىكرىنى ئەتراپلىق، ئەستايىدىل ئاڭلاش، ئاممىنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئەتراپلىق تەكشۈرۈش، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ئايرىم رەھبەرلىكنىڭ مەنسەپكە ۋەدە بېرىش، ناتوغرا ئىما ـ ئىشارەت قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللىرىغا ھەققانىي پىكىر، تەنقىد بېرىش، قالپاق كىيىپ قېلىشتىن، تاجىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقماسلىق لازىم.

2. كۆمۈلۈپ قالغانلارنى بايقاشقا ماھىر بولۇش، كۆكسى - قارنى كەڭ بولۇش لازىم. قىيىن ئورۇن، مۈشكۈل شارائىتلاردا سىنالغان كادىرلارغا، زىيالىيلارغا، ئىختىساسلىقلارغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارغا تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرىنى ئۆز ئائىلىسىدەك ھېس قىلدۇرۇش، ئۇلارنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقىغا ئايلاندۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئاسراش؛ مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئېلىشقا، ئىختىساسلىقلارنى قوغداشقا جۈرئەت قىلىپ، ھەر خىل بېسىملاردىن قورقماسلىق: ئەپقاچتى گەپلەرگە ئاسان ئىشىنىپ كەتمەسلىك، يېنىكلىك بىلەن بىر - ئىككى كىشىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارماسلىق: خىزمەتداشلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، كىشىلەرگە سەممىي، مېھرىبان بولۇش؛ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇش، ئارتۇقچىلىقىغا قاراپ كادىر ئىشلىتىش، ئىختىساسلىقلارنى بايقاش، ئىشلىتىشتە «ئىشىك تاقىۋېلىش»، «ئورۇنلار مونوپوللۇقى» خاھىشىغا قارشى تۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشىگە مەيدان ھازىرلاپ بېرىش، ئۇلارنىڭ بىمالال يۈرۈشۈپ تۇرۇشىغا يېشىل چىراق يېقىپ بېرىش كېرەك.

3. پاك، دىيانەتلىك بولۇش، ئۆز كۆمچىكە چوغ تارتماسلىق لازىم. كادىرلار خىزمىتىدە ھەرگىز شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەشكە، ئومۇمنىڭ ئىشىدا ساختىپەزلىك قىلىپ ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇرۇشقا، سوۋغات ئېلىشقا، پارا ئېلىشقا، مەنسەپكە ۋەدە قىلىشقا بولمايدۇ. كادىر تاللاشتا «بەگنىڭ تۇلپار تاللىشى» نۇقتىئىنەزىرىنى «بەيگىدە تۇلپار تاللاش»قا ئۆزگەرتىش؛ قەتئىي ھالدا سالاھىيىتىگە قاراپ رەتكە تىزىش، توققۇزى تەل بولۇش، ئېتىبار بېرىش دېگەندەك ئىدىيىۋى كۆزقاراشلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، كونا رامكىلار بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىق؛ نەزەرنى يىراققا تاشلاپ، يولنى كەڭ ئېچىش؛ مۇنەۋۋەر كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشتە پەقەت پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلار، ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدىن سىياسىي جەھەتتە ياخشى، ئىقتىسادىي خىزمەتنى بىلىدىغان، باشقۇرۇشنى بىلىدىغان، ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك، ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان ۋە ئەمەلىي ئىشلەيدىغان كادىرلارنى تاللاش: ھەريەر - ھەريەردىن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن يەنە رايون، تارماق ھالقىپ، جاپالىق ئورۇن ۋە شارائىتتا تىرىشىپ ئىگىلىك ياراتقان ئىختىساسلىقلارنى بايقاش ۋە ئىشلىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

«تۆتلەشتۈرۈش» فاڭجېنى بويىچە زور بىر تۈركۈم ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك ياش كادىرلارنى تاللاش ۋە يېتىشتۈرۈش پارتىيە، خەلق ئىشلىرىنى ئىزباسارغا ئىگە قىلىپ، تەرەققىياتقا، گۈللىنىشكە ئېلىپ باردۇ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بۇ شەرەپلىك تارىخىي بۇرچنى ئېنىق تونۇپ، «شوتا» لىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇ خىزمەتنى چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇپ ئىشلىشى كېرەك. ئومۇملۇقنى، جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنىڭ ئۇڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، پارتىيە، خەلق ئالدىدا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچان بولغاندىلا، تەشكىلات، كادىرلار ئىشلىرىدىكى ناتوغرا ئىستىللارنى ئۈنۈملۈك چەكلىگىلى، پارتىيىنىڭ توغرا كادىرلار لۇشيەنىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، كادىرلارنى، بولۇپمۇ ئەسىر ھالقىيدىغان مۇنەۋۋەر كادىرلارنى توغرا تاللىغىلى ۋە جايىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ، جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىدىن ئۈمىد تۇغۇلىدۇ.

(ئاپتور ئاقسۇ ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسىدە ئىشلەيدۇ)

**جاۋابكار مۇھەررىر: مىجىت تاھىر**

# كۇتۇپخانا خادىملىرىنى كەسپىي جەھەتتىن داۋاملىق تەربىيىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

نۇرجاۋار

**1. كەسپىي جەھەتتىن داۋاملىق تەربىيىلەش كۇتۇپخانا ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى**

نۆۋەتتە، كۇتۇپخانا ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، كىتاب - ماتېرىيال، ئاخبارات خىزمىتىنىڭ زامانىۋىلىشىش، كۆپ ئىقتىدارلىق بولۇشقا قاراپ بۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش - بىز دۈچ كېلىۋاتقان جىددىي ۋەزىپە. بۇ ۋەزىپە ھۆججەت - ماتېرىياللار قۇرۇلۇشى، سانلىق ئاساسلارنى تەييارلاش، كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ۋە خاتىرىلەشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، سىستېمىلاشتۇرۇش، ئاخبارات ئىزدەش سىستېمىسىنى ئورنىتىش، يۇمشاق بۆلەكلەرنى ئېچىش، مۇلازىمەت ئۇسۇلى، كىتاب كاتالوگلىرىنىڭ سانلىق ئاساس ئامبارلىرىنى ئورنىتىش ھەمدە ئاخباراتنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە تېخنىكىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىتاب، ھۆججەت، ئاخبارات خىزمىتىنىڭ زامانىۋىلىشىش، كۆپ ئىقتىدارلىق بولۇش يۆنىلىشىگە قاراپ بۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئۇيغۇنلىشىشتا، قوشۇن قۇرۇلۇشى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. ئەمما كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ نۆۋەتتىكى بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە كەسپىي ساپاسى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولماقتا. بۇ تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە ئىنتايىن ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ:

1. ئىگىلىگەن بىلىملىرىنىڭ كونىراپ كېتىشى. ھازىرقى جەمئىيەت پەن - مەدەنىيەت ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ، ئىنسانلار بىلىمىنىڭ يېڭىلىنىش سۈرئىتى مىسلىسىز تېزلاشقان جەمئىيەتتۇر. شۇڭا، جەمئىيىتىمىزدە كىشىلەر تۈرلۈك - تۈمەن ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەت ۋە تېخىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولىدىغان كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بىلىم قۇرۇلمىسىنى يېڭىلاپ ماڭمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا. بىلىمنىڭ كونىرىشى دېگىنىمىز كىشىلەرنىڭ بۇرۇنقى ئىگىلىگەن بىلىملىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئارقىسىدا قېلىپ، كونىراپ، ئىشلىتىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ، داۋاملىق ئىشلىتىشكە بولماي قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بىر يىلدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملىرىنىڭ تەخمىنەن 15 پىرسەنتى كونىراپ كېتىدىغانلىقى، بەش يىلدىن كېيىن 50 ـ 70 پىرسەنتى كونىراپ كېتىدىغانلىقى مەلۇم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر يولىنى بەلگە قىلغان ئۇچۇر تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى كىشىلەرنىڭ ئىگىلىگەن بىلىملىرىنىڭ كونىراپ كېتىش سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلىتىۋاتىدۇ. بەزى مۇتەخەسسىسلەر يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان، ئىنسانلارنىڭ بىلىم ساھەسىدىكى يېڭى بايقاشلىرىنىڭ ئۆتكەنكى 2000 يىللىق بايقاشنىڭ يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھەمدە بىزنىڭ ھازىر قوللىنىۋاتقان بارلىق ھۈنەر، سەنئەت ئىلىملىرىمىزنىڭ 2050- يىللىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ئىلىمنىڭ ئارانلا 1 پىرسەنتىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشماقتا.

بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، پەن - تېخنىكىنىڭ كۈندىن - كۈنگە يېڭىلىنىپ تۇرۇشى كىشىلەرنىڭ بىلىمدە ئايلىق پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ ئىگىلىگەن بىلىملىرىنىڭ كونىراش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ بارىدۇ. شۇڭا، كۈتۈپخانا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش - ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن بىلىملىرىنىڭ كونىراپ كېتىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر خىل يېڭى تەدبىر، شۇنداقلا خادىملارنىڭ بىلىمنى تولۇقلاش، ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى. نۆۋەتتە، كۈتۈپخانا ساھەسىدە، كىشىلەرنىڭ ئىگىلىگەن بىلىملىرىنىڭ كونىراپ كېتىشى كومپيۇتېرنى قوللىنىش جەھەتتە، ئالدى بىلەن قىسمەن كەسپىي ھالقىلارنى باشقۇرۇشتىن پەيدىنپەي ھەرقايسى كەسپىي ھالقىلاردا قوللىنىشقا ئۆتۈپ، ھۆججەتلەرنى زىيارەت قىلىش، كىتابلارغا كاتالوگ تۈزۈش، قەرەللىك ژۇرناللارنى باشقۇرۇش، ئوبوروت قىلىشنى باشقۇرۇش، ئاخباراتلارنى ئىزدەپ تېپىش، تەرمىلەردىن ئاچقۇچ تۈزۈپ چىقىش ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئاپتوماتلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش جەريانىدا ئالاھىدە ئىپادىلەنمەكتە. ئەمما ئۇزۇندىن بۇيان، بۇ ئاساسىي يۈزلىنىشكە ئېتىبار بېرىدىغانلار ئازلاپ، كۆپ ساندىكىلەر ئوقۇش تارىخىنى ۋە ئىلمىي ئۇنۋانىنى بىر تەرەپلىمە تەكىتلەيدىغان خاتا قاراشتا بولۇپ كەلدى. مەسىلەن، داۋاملىق تەربىيىلەش خىزمىتى پەقەت بەزى ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى يوقلارغا، ئىلمىي ئۇنۋان ئالمىغانلارغا ۋە تۆۋەن قاتلامدىكىلەرگە قارىتىلدى، ئەكسىچە، يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلار، بولۇپمۇ ئالىي ئۇنۋان ئالغانلارنى قايتا تەربىيەلەشكە سەل قارالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇنۋان مەسىلىسى ھەل بولغىنى بىلەن، ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشالمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى. نەتىجىدە كۈتۈپخانىلاردا كومپيۇتېر ئارقىلىق كىتابلارغا كاتالوگ تۈزۈش، ئاخباراتلارنى ئىزدەپ تېپىش، تەرمىلەردىن ئاچقۇچ تۈزۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، بەزى ئالىي ئۇنۋان ئالغان يېشقەدەم كەسپىي خادىملار كومپيۇتېر ئىشلىتىشنى بىلمىگەچكە، يېڭى ئۈچۈرلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، كومپيۇتېر ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق كەسپىي خىزمەتلەردىن ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ئىنتايىن ئاددىي ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ئارقىلىق ئىشلەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەرىدىكى، بىلىمنىڭ كونىراش ھادىسىسى ۋە كونىراش سۈرئىتىنىڭ كۈنسېرى تېزلىشىشى كۈتۈپخانىلاردىكى بارلىق كەسپىي خادىملاردىن ئوقۇش تارىخى ۋە ئۇنۋانىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ۋە داۋاملىق كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە ئۆزىمىز شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمەت ۋە تاللىۋالغان كەسپكە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىمىزدە كونا بىلەن يېڭىنى ئالماشتۇرۇشقا قادىر بولغان بىلىم قۇرۇلمىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىشىمىز كېرەك.

2. تەلەپكە لايىق ئىختىساس ئىگىلىرى ئاز بولۇش. ھازىرقى زامان كۈتۈپخانا تەرەققىياتىنىڭ كۈتۈپخانا ئىختىساس ئىگىلىرىگە قويىدىغان تەلىپىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇچۇر، كومپيۇتېر، خەۋەرلىشىشتىن ئىبارەت بىر ئورتاق گەۋدە ھازىرقى زامان كۈتۈپخانا ئۇچۇر خىزمىتى ئۈچۈن جىددىي زۆرۈر بولغان كونكرېت بىلىملەرنى ئۆزىگە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ كىتاب - ماتېرىيال مەخسۇس كەسپىي بىلىملىرىنى پىششىق بىلىدىغان ئىختىساسلىقلارغا موھتاج. لېكىن ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان، كۈتۈپخانا كەسپىي خادىملىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئېلىمىز كونا مائارىپ تۈزۈلمىسىنىڭ چەكلىشىگىمۇ ئۇچراپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن كۈتۈپخانىلارغا ئېھتىياجلىق ئىختىساس

ئىگىلىرى يېتىشتۈرۈلمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، كۈتۈپخانىنىڭ ئۆزىدە ئىشلەۋاتقان خادىملارنىڭ كۆپ قىسمى باشقا كەسىپلەردىن ئالمىشىپ كەلگەنلەر بولۇپ، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ كۈتۈپخانا خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدىكى توپلىغان تەجرىبىلىرىگە تايىنىپلا بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۈتۈپخانا ئىلمى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز. كىتاب - ماتېرىيال كەسپىنى ئۆگەنگەنلەرنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بىر يىللىق، يېرىم يىللىق، ھەتتا بىر نەچچە ئايلىق بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپلىرىدا، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش سىنىپلىرىدا، ئىشتىن سىرتقى مەكتەپلەردە ئوقۇغاچقا، ئۇلارنىڭ بىلىم دائىرىسى تار بولۇپ، كەسپىي ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك كۈتۈپخانىلار ئۆز ئورۇنلىرىدىكى كەسپىي خادىملارنى كەسپىي ساپاسى، خىزمەت ئىقتىدارى جەھەتتىن يېتىشتۈرۈش ۋە يۈكسەلدۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشى، تۈرلۈك شەكىللەردىن پايدىلىنىپ كەسپىي بىلىم ۋە تېخنىكا ماھارىتى جەھەتتىن يېتىشتۈرۈشنى پىلانلىق ئېلىپ بېرىشى، بولۇپمۇ كومپيۇتېر مەشغۇلاتى، چەت ئەل تىلى، كۈتۈپخانا كەسپىي نەزەرىيىسى ۋە تېخنىكا ماھارىتى قاتارلىق جەھەتلەردىن يېتىشتۈرۈشنى پىلانلىق ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

**2. كۈتۈپخانا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيەلەشنىڭ مەزمۇنى**

1. يېڭى قاراش تىكلەش. بىرىنچى، كۈتۈپخانا خادىملىرى جىددىي ھالەتتە تۇرۇش كېرەك. كۆپ ساندىكى كىشىلەر كۈتۈپخانىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى ئىنتايىن بەختەر، خاتىرجەم ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئۆزلىرىگە يۇقىرى تەلەپ قويمايدۇ، كەسپىي ئۆگىنىشكە تىرىشمايدۇ، ئىزدەنمەيدۇ. مانا بۇ بۇرۇنقىلاردىن كېيىنكىلەرگە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، كۈتۈپخانا خادىملىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە توسالغۇ بولۇۋاتقان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. شۇڭا، كۈتۈپخانا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېھتىياجلىق بولغان خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، كۈتۈپخانا كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرخىل بىلىملەرنى ئۆگىنىش جەھەتتىكى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش، كۈتۈپخانا خادىملىرىنى كەسپىي جەھەتتىن جىددىي ھالەتكە كەلتۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى، كۈتۈپخانا خادىملىرىدا ئۇچۇر قارىشى بولۇش كېرەك. كۈتۈپخانا كىتاب - ماتېرىيال ساقلايدىغان ئورۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پەن - مەدەنىيەت مەركىزى، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ياردەمچىسى، ئاخبارات - ماتېرىياللارنى ئۆتتۈشتۈرۈپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك، كەلگۈسى ئۇچۇر تورىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، كۈتۈپخانا خادىملىرى ئۆز ئورنىنىڭ ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى جەمئىيەتتىكى ئوقۇرمەنلەرگە نامايان قىلىپ، ئۇچۇر مۇلازىمىتى ئارقىلىق ئىستېمالچىلارنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، كۈتۈپخانا خادىملىرىدا ئىستېمالچىلارنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش قارىشى بولۇش كېرەك. بارلىق مۇلازىمەت ئورۇنلىرىغا ئوخشاش، كۈتۈپخانا ئىشلىرىدىمۇ ئوقۇرمەنلەر بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، كۈتۈپخانا خادىملىرى كىتاب - ماتېرىيالنى ساقلاشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويماي، بەلكى كۈتۈپخانىدا ساقلانغان كىتاب - ماتېرىياللارنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، مەيلى قانداق ئورۇن، قانداق ۋاقىت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئارزۇسىنى ۋە مەنپەئەتىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئويلىشى كېرەك.

2. يېڭى تېخنىكا ئېڭىنى تىكلەش. نۆۋەتتە كۈتۈپخانىلاردا كومپيۇتېر ئارقىلىق ئاخبارات ئىزدەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئومۇملىشىۋاتىدۇ. بۇ خىزمەتنىڭ ئەھمىيىتى ئۇچۇر بايلىقىدىن ئورتاق

بەھرىمەن بولۇش خىزمىتىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن: بىرىنچى، كەسپىي ئۆگىنىشنى كومپيۇتېر بىلىملىرىنى ئىگىلەشكە، كۆپ تەرەپلىمە تېخنىكىلىق بىلىملەرنى ۋە تورلاشتۇرۇش ئىلمىنى نۇقتىلىق ئۆگىنىشكە قارىتىش كېرەك. ئىككىنچى، كۇتۇپخانا ئىلمىنى رەقەملەشتۈرۈشكە يۈزلەندۈرۈش لازىم. كۇتۇپخانىلار ئارا بىرلىككە كەلگەن ھۆججەتلەر كاتالوگى ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن تۈرلۈك سانلىق ئاساس ئامبارلىرىنى قۇرۇپ، كۇتۇپخانىلاردىكى ھۆججەت - ماتېرىياللاردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئۈچىنچى، ئالاقىدار بىلىملەرنى داۋاملىق تولۇقلاپ تۇرۇش كېرەك. كۇتۇپخانا خادىملىرى ئۆز بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ تۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر. ئادەتتە كۇتۇپخانا ساھەسىدە تەسىر كۈچى ئەڭ كۈچلۈك دەپ ھېسابلىنىدىغانلار ئاساسەن كۇتۇپخانا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىلگىرى ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولغان كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلار كۇتۇپخانا كەسپى بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا ئىقتىدارلىق كۇتۇپخانا خادىملىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا كۇتۇپخانا خادىملىرى مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى تولۇقلاشنى داۋاملىق تەربىيىلىنىشنىڭ ئاساسى مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى قىلىشى كېرەك.

3. ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش. ئىلمىي باشقۇرۇش كۇتۇپخانىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. كىتاب - ماتېرىيال، ئاخبارات خىزمىتىنى ئىلمىي باشقۇرمىغاندا، كىتاب - ماتېرىيال، ئاخبارات خىزمىتىنى زامانىۋىلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، كۇتۇپخانا خادىملىرى ھازىرقى زامان باشقۇرۇش ئىلمىنى ئۆگىنىشى ۋە تەتقىق قىلىشى، بولۇپمۇ ئۆز ساھەسىدىكى ئىلمىي باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئەيىنەك قىلىپ، ئىلمىي باشقۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشى، باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلاپ، باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى لازىم. بىرىنچى، ئىلمىي، ئەقىلگە مۇۋاپىق قائىدە - تۈزۈملەر زامانىۋىلاشقان باشقۇرۇشنىڭ ئاساسى. تۈرلۈك كەسپىي باشقۇرۇش تۈزۈملىرى، خىزمەت قائىدىلىرى ۋە نىزاملىرىنى ئورنىتىش جەھەتتە زور كۈچ سەرپ قىلىپ، كىتاب - ماتېرىيال خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، تەرتىپلەشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئىككىنچى، خىزمەت ئۈنۈمى مەسىلىسى زامانىۋىلاشقان باشقۇرۇشنىڭ يادروسى. باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، خىزمەتنىڭ سانى، سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچى، يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت قىلىش زامانىۋىلاشقان باشقۇرۇشنىڭ مەقسىتى. ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىش كۇتۇپخانىدىكى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئاساسى، ئىلمىي باشقۇرۇش ئوقۇرمەنلەرگە قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇچۇر مەنبەسىنى كۈچەيتىش، كىتاب - ماتېرىياللارنىڭ كۇتۇپخانىدىكى جۇغلانما سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، كۈندىلىك گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ئوبوروت ۋاقتىنى قىسقارتىش، پايدىلىنىش ۋە مەسلىھەت بېرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى ئەلا سۈپەت، يۇقىرى ئۈنۈمدە قاندۇرۇشنى پۈتكۈل كەسپىي خىزمەتنىڭ مەركىزى، ئىلمىي باشقۇرۇشنىڭ مەقسىتى قىلىش كېرەك. بۇ كۇتۇپخانا خادىملىرىنى كەسپىي جەھەتتىن داۋاملىق تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. قىسقىسى، كۇتۇپخانا خادىملىرىنى كەسپىي جەھەتتىن داۋاملىق تەربىيىلەشنى ئەمەلىيەت داۋامىدا تېخىمۇ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، خادىملارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش كېرەك.

**جاۋابكار مۇھەررىر: ئابدۇكېرىم ماموت**

# كۈتۈپخانا خادىملىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا

سەۋلەش تۇسۇپباي

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى يادرو قىلغان، كوللېكتىپچىلىقنى پرىنسىپ قىلغان سوتسىيالىستىك ئەخلاق تەربىيىسىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش ... ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق ۋە ئائىلە گۈزەل ئەخلاقىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەنىدى. كەسپىي ئەخلاق سوتسىيالىستىك ئەخلاقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش مۇھىم ۋەزىپىلەر قاتارىغا قويۇلماقتا.

كۈتۈپخانىلار سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم ئورۇن بولۇپ، كۈتۈپخانا خادىملىرى بۇنىڭدا مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەتنى ياخشى ئادا قىلىشتا كۈتۈپخانا خادىملىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاق ساپاسى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇڭا، كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ـ كۈتۈپخانا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. كۈتۈپخانا خادىملىرىغا كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا، پەقەت مەدەنىيەت، كەسپىي بىلىم، كەسپىي تېخنىكا ماھارىتى تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇپلا قالماي، بەلكى كەسىپ ئەخلاقى جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشنىمۇ چىڭ تۇتۇش زۆرۈر. بۇ كەسپىي خادىملارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، كۈتۈپخانا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى مۇھىم تەرەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا كۈتۈپخانا خىزمىتى يېڭى سىناقلارغا دۇچ كەلمەكتە. بولۇپمۇ كۈتۈپخانا خادىملىرىنىڭ كەسىپكە قىزىقماسلىق، مۇئامىلىدە قىزغىن بولماسلىق، خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش، پۇرسەت تاپسىلا باشقا كەسىپكە ئالمىشىشنىڭ كويىدا بولۇش، ھەتتا كۈتۈپخانا كەسپىنى ئوقۇغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىمۇ بۇ كەسىپتىن باشقا كەسىپكە ئالمىشىشنى كۆزلەشتەك ئەھۋاللار ساقلانماقتا. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ پەيدا بولۇشىدا مۇنداق بىرقانچە سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن: (1) كۈتۈپخانىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى ئاز، جەمئىيەتتىكى ئورنى تۆۋەن، دەپ قاراش؛ (2) كۈتۈپخانا كەسپىي خادىملىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالمايدۇ، ئەمگىكى كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، دەپ قاراش؛ (3) كۈتۈپخانا خىزمىتىدە شەرەپ ۋە نەتىجە قازىنىش تەس، دەپ قاراش ۋەھاكازالار. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىدىيىۋى ھالەتلەر مەۋجۇت بولغانلىقتىن، كۈتۈپخانا كەسپىي خادىملىرى ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا كەسىپكە بولغان قىزغىنلىق يۇقىرى بولماسلىق، خىزمەت مۇلازىمىتى ياخشى بولماسلىق، خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇشتەك ئەھۋاللار ساقلانماقتا. بۇنداق ئەھۋالنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى پەن تەتقىقات خىزمىتىگە، كۈتۈپخانا خىزمىتىنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. شۇڭا، كۈتۈپخانا خىزمىتىنى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقاتىنى مەركەز قىلغان تۈرلۈك خىزمەتلىرى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشتا، ئالدى

بىلەن كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاق جەھەتتە تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىش، كەسپىي خىزمەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش زۆرۈر.

كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاق جەھەتتە تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىش ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بىرى، كەسپىي خادىملارنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقى. كەسپىي خادىملار ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىشى كېرەك. يەنە بىرى، ئالاقىدار رەھبەرلەر كەسپىي خادىملارنىڭ كەسپىي ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىشىغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. كونكرېت ئېيتقاندا، كەسپىي خادىملارغا بولغان ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنىڭ كەسپىي بىلىملىرىنى يېڭىلاش، كەسپىي ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشىگە ئىلھام بېرىش كېرەك. شۇنى بىلىش كېرەككى، كۇتۇپخانا كەسپىي خادىملىرىنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى كۇتۇپخانىدىكى ماتېرىيال ـ ئاخبارات مەنبەسىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتىكى ئاچقۇچ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كەسپىي خادىملارنى ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ، كەسىپكە بېرىلىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىپ ئىشلەش روھىنى يېتىلدۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ.

مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى خىزمىتى مۇلازىمەت خاراكتېرىگە ئىگە خىزمەت. لېكىن ئۇ باشقا مۇلازىمەت كەسىپلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئوقۇرمەنلەرنى ماتېرىيال ـ ئۇچۇر مەنبەلىرى بىلەن تەمىنلەشنى، ئۇلارنىڭ بىلىم ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىگە ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا، كۇتۇپخانا خادىملىرى كەسپىي جەھەتتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كەسپىي تېخنىكا ماھارىتىنى ئىگىلەپ، كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ، كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىشى كېرەك. پەقەت كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ، بېرىلىپ ئىشلەپ نەتىجە يارىتىپ، كەسپىي خىزمەتنىڭ جەمئىيەتتە ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلغاندىلا، جەمئىيەتتىكى بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى تۈگىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ھۆرمەت قىلىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى ئەنئەنىۋى باشقۇرۇش ئەندىزىسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىغانلىقتىن، پەقەت كىتاب ـ ماتېرىيال يىغىش، توپلاشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ئانچە ئەھمىيەت بەرمىدى. ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە، پەقەت ئوقۇرمەنلەر ئۆزى ماتېرىيال ئىزدەپ كەلسە، ماتېرىيال تېپىپ بېرىش، ساقلاپ ئولتۇرۇش، كىتاب ئارىيەت بېرىپ، كىتاپ قايتۇرۇۋېلىشتەك ئاددىي خىزمەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. بۇ ئەھۋال مەكتەپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، پەن ـ تەتقىقات خىزمىتىگىمۇ، كۇتۇپخانا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغىمۇ تەسىر يەتكۈزدى. شۇڭا مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى ئوقۇرمەنلەرگە مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، مۇلازىمەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا مەكتەپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقات خىزمىتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئالدى بىلەن كۇتۇپخانا كەسپىي خادىملىرىنىڭ ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتىكى ساپاسىنى، جۈملىدىن كەسپىي ئەخلاقىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش زۆرۈر.

ئالىي مەكتەپ مائارىپى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مەكتەپلەرنىڭ پەن تەتقىقات جەھەتتىكى ۋەزىپىسى خېلىلا ئېغىر بولماقتا. بۇ كۇتۇپخانىلارنىڭ زور مىقداردىكى قىممەتلىك ماتېرىيال مەنبەلىرىنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. (ئاخىرى 81 ـ بەتتە)

# دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى قەتئىي چەكلەش لازىم

رەخىمجان بارات

دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق دۆلەت. ئاپتونوم رايونىمىزمۇ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق رايون. دىنىي مەسىلە مىللىيلىققا، ئاممىۋىلىققا، خەلقئارالىققا، مۇرەككەپلىككە ۋە ئۇزاق مۇددەتلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قارىتا ئالاھىدە ئېھتىياتچان، ئىنتايىن سەگەك بولۇش ۋە ئەستايىدىل، توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىم. چۈنكى دىنىي مەسىلىنىڭ ياخشى ھەل قىلىنىش - قىلىنماسلىقى - ئىجتىمائىي مۇقىملىققا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك. باش شۇجى جياڭ زېمىن دىنىي مەسىلىدە: «پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىل ئىجرا قىلىش؛ دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش؛ دىنىنى سوتسىيالىزمغا ئۇيغۇنلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلەش»نى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. بۇنىڭدىن مەقسەت دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئىناق ئۆتىدىغان، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنى بىرگە ئەسىرنى نىشانلاپ ئالغا سىلجىتىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت.

1. دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن - تۈزۈم يول قويغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىش لازىم.

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، دىنىنىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتى ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، دىنغا نىسبەتەن ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ۋە ئومۇميۈزلۈك كۆزىتىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىش لازىم. دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزام ۋە سىياسەتلىرى ئارقىلىق، دىنىي مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇشنى ۋە نازارەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشى ۋە دۆلەت قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان دىنىي پائالىيەت مەۋجۇت ئەمەس. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىگە ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا قارىتا قوللاش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش كېرەك. لېكىن دىندىن پايدىلىنىپ پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنىدىغان ھەرىكەتلەرگە قانۇن بويىچە جازا بېرىشىمىز، دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جىنايەتچى ئاشقان دىنىي ئۇنسۇرلارغا قاتتىق زەربە بېرىشىمىز كېرەك.

دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش - ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى. جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى - ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر جەمئىيەت مۇقىملىقىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي ئامىل. دىنىنى قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈش ئاساسىدا باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلەپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىغىلى بولىدۇ. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز

قىلىنىشى، باشقا بارلىق خىزمەتلەر بۇ مەركەزگە بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، دىنىي پائالىيەتلەرمۇ ئوخشاشلا بۇ مەركەزگە بويسۇنۇشى ۋە خىزمەت قىلىشى لازىم. بۇ دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ئۇيغۇنلىشىشىنى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دىنىي خىزمەتتە ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇنغا چوقۇم ئەمەل قىلىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزام ۋە سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى ئاڭلىق تۈردە قانۇننىڭ ئىززەت ـ ئابرويىنى، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان قىلىپ، ئۇلاردا قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى، ۋەتەننى سۆيۈش، قانۇننى چۈشىنىش ۋە ھىمايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. دىنىي پائالىيەتلەرنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن ـ تۈزۈم دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، دىنىي سوتسىيالىزمغا ئۇيغۇنلاشتۇرغاندىلا، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ۋە ئالغا بېسىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

2. قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ماركسىزملىق دىن تەشۋىقات تەربىيىسى خىزمىتىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت ئاساسىي قانۇن، قانۇن ـ نىزاملار يول قويغان چەكلىمىدىن ھالقىپ كەتكەن دىنىي ھەرىكەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا مەجبۇرلاش (ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن ئۇسۇللار بىلەن مەجبۇرلاش)؛ پارتىيە ئەزالىرىغا، كادىرلارغا ۋە دىنغا ئىشەنمەيدىغان ئاممىغا تەھدىت سېلىش، ئۇلارنى كەمسىتىش، چەتكە قېقىش، يېتىم قالدۇرۇش، بېسىم ئىشلىتىش؛ باشقىلارنى روزا تۇتۇشقا مەجبۇرلاش ياكى روزا تۇتۇشنى باھانە قىلىپ ئاممىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، شەخسىي تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ئارىلىشىش، ئاياللارنى مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇش ۋە چۈمپەردە تارتىشقا مەجبۇرلاش؛ شەخسلەر ئۆز ئالدىغا دىنىي مەكتەپ، كەچكۈرس، موناستىر ۋە ئىبادەتخانىلارنى ئېچىش، ئۆز ئالدىغا تالىپ يېتىشتۈرۈش؛ توي قىلىش گۇۋاھنامىسى ئالمىغانلارغا نىكاھ ئوقۇش، توي قىلغان ئەر ـ ئاياللارنى «ئۈچ تالاق» ئىدىيىسى ئارقىلىق نىكاھتىن ئاجرىتىپ، نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش؛ ئوقۇغۇچىلارنى ناماز ئوقۇش، دىن ئۆگىنىش، روزا تۇتۇشقا مەجبۇرلاپ، مەكتەپلەرنىڭ نورمال ئوقۇش تەرتىپىگە توسقۇنلۇق قىلىش؛ دىندىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئۇسەك سۆزلەرنى تارقىتىپ، پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قەستەن قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇش، ئەدلىيە ـ مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلىشىش؛ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىسىز ئۆز مەيلىچە مەبلەغ توپلاپ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قۇرۇش، ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش؛ دىنىي لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالمىغان كىشلەر دىنىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش، دىنىي پائالىيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىش؛ دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىسىز ئۆز مەيلىچە چەت ئەلدىن دىنىي خادىملارنى يۆتكەپ كېلىش ياكى تەكلىپ قىلىش، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا چەت ئەلنىڭ ئەكسىيەتچى ئىدىيىلىرىنى تەشۋىق قىلىش، دىنغا دائىر سىنئالغۇ فىلىملىرىنى قويۇش، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا يۇقىرى ئاۋازلىق كانايلارنى ئورنىتىپ، كىشىلەرنىڭ نورمال خىزمەت، تۇرمۇشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈش؛ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىسىز ئۆز مەيلىچە دىنىي كىتابلارنى بېسىش، كۆپەيتىش، تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەش، نەشر قىلىش، تارقىتىش، دىنىي تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى سېتىپ، ئەكسىيەتچىل رادىئو، دىنىي

تەشۋىقات خەۋەرلىرىنى ئاڭلاش ۋە تارقىتىش؛ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىسىز ئۆز مەيلىچە چەت ئەل دىنىي تەشكىلاتلىرى ياكى چەت ئەل كىشىلىرىدىن دىنىي ئىشلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىئانە قوبۇل قىلىش؛ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىسىز ئۆز مەيلىچە چەت ئەلدىكى دىنىي مەكتەپلەرگە ئۆگىنىشكە، دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىش، چەت ئەلدىكى دىنىي تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، دىنىي پائالىيەتلەردە ئۆزئارا ئالاقە ئورنىتىش؛ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا تەستىقلاتماستىن ياكى تىزىملاتماستىن ئۆز ئالدىغا شەخسىي دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قۇرۇش، ئۆز مەيلىچە مۇرىت كۆپەيتىش، ئۆزىنى دىن تەشۋىقاتچىسى دەپ ھېسابلاپ، دىنىي خادىملارنى تەيىنلەش ياكى چەت ئەل دىنىي تەشكىلاتلىرىنىڭ تەيىنلىمىلىرىنى قوبۇل قىلىش؛ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا زەربە بېرىش، ئۇلارنى ھاقارەتلەش، ھەتتا ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش؛ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، دىنىي تەشۋىق قىلىش سورۇنلىرىنى زورلۇق كۈچ بىلەن تارتىۋېلىش؛ چەت ئەل دۈشمەن كۈچلىرى دىنىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرىپ ئۆز مەيلىچە دۆلىتىمىز ئىچىدە دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بېرىش، دىنىي تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى تارقىتىش، دىنىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇش، مۇرىتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دىنىي خادىملارنى تەيىنلەش، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان خادىملارنى قوبۇل قىلىش؛ غەرەزلىك ھالدا ئوخشىمايدىغان دىن، ئوخشىمايدىغان دىنىي مەزھەپلەر ياكى ئوخشاش بولغان دىنىي مەزھەپلەر ئىچىدە بۆلگۈنچىلىك، جېدەل ـ ماجىرا ۋە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش؛ دىنىي تەشۋىق قىلىش نامى بىلەن «غازات قىلىش»نى، «غازات» تارىخىنى تەرغىپ قىلىش، «پان تۈركىزم»، «پان ئىسلامىزم»نى داۋراڭ قىلىش، دىنىي ئەقىدە ۋە مۇقەددەس كىتابلارنى قەستەن بۇرمىلاپ دىنىي تەلۋىلىكنى كۈشكۈرتۈش، تارىخنى بۇرمىلاپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىش، پارتىيە ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە زەربە بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈش، پىتنە ـ پاساتلارنى ئويدۇرۇپ چىقىش، كىشىلەرنى ئىدىيە جەھەتتىن ئالداپ قايمۇقتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، دىندىن پايدىلىنىپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش، ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغان ئاممىنى قانۇنسىز يىغىلىش ئېلىپ بېرىشقا ۋە نامايىش قىلىشقا كۈشكۈرتۈش، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىغا زەربە بېرىپ، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللىنىش؛ دىندىن پايدىلىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈپ، ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇش؛ دىندىن پايدىلىنىپ، نورمال جەمئىيەت تەرتىپى، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى، خىزمەت تەرتىپى ۋە تۇرمۇش تەرتىپىگە دەخلى يەتكۈزۈش، قانۇنسىز جىنايى ھەرىكەتلەرنى ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلار.

يۇقىرىدىكىلەردىن قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىر قىسىم جايلاردا يۈز بەرگەن پارتىلىتىش، ئۆلتۈرۈش، بۇلاشتەك بىر قاتار دېلولارنىڭ بارلىققا كېلىشى دەل بۇ خىل پائالىيەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، قانۇنسىز پائالىيەتلەرنى قەتئىي، ئۈنۈملۈك ھالدا بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك.

ھازىر بىر قىسىم كىشىلەر دىنىي ئەقىدىلەرگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، دۆلەتنىڭ قانۇن، سىياسەت، ئەمر ـ پەرمانلىرىغا ئانچە ئېتىبار بەرمەيۋاتىدۇ. دىنىي پائالىيەتلەرگە ھەددىدىن زىيادە قىزىقىدىغان، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈۋاتىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر كۈچىنىڭ بارىچە دىنىنىڭ ئەۋزەللىكىنى، دىنىي ئەركىنلىكنى، نېمىنى دېگۈسى كەلسە شۇنى دېيىش،

نېمىنى قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىشنى تەرغىپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ بىزنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى قوزغىماي قالمايدۇ.

قانۇنسىز پائالىيەتلەرنى قەتئىي چەكلەش بىر چوڭ سىياسىي ھەرىكەت بولۇپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتكە قاتناشقان كىشىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسىگە كەسكىن تەنقىدىي تەربىيە بېرىشىمىز، تەربىيە قىلسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى قەتئىي چەكلەش ئۈچۈن، كەڭ ياشلارغا ماركسىزملىق دىنىي تەشۋىقات تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما بىلەن دىنىي زاتلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، قانۇن ـ تۈزۈم تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشىمىز، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، قانۇننىڭ ئىززەت ـ ئابرويىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىمىز، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دىنىي تەشكىلاتلار بىلەن دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداپ، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانۇن دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز، ھەم دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى، ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى قوغدىشىمىز، دىننى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتىكى تەشۋىقات سالمىقىنى كۈچەيتىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ، بولۇپمۇ كەڭ ياشلارنىڭ قانۇن ساۋات بىلىملىرىنى ئۆگىنىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، توغرا دىن كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇشىمىز، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى كەڭ، ئومۇميۈزلۈك، ئەتراپلىق تەشۋىق قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىنچ، ئىتتىپاق بولغان ياخشى سىياسىي ۋەزىيەت ۋە مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشىمىز لازىم.

(ئاپتور ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئىشلەيدۇ)

**جاۋابكار مۇھەررىر: ئابدۇكېرىم مامۇت**

---

(بېشى 77 ـ بەتتە) (بېشى 77 ـ بەتتە) بۇنىڭ ئۈچۈن زامانىۋى تېخنىكا ئەسۋابلىرىدىن پايدىلىنىپ، ماتېرىيال مەنبەلىرىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش لازىم. كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ زامانىۋى قوراللاردىن پايدىلىنىپ، كەسپىي خىزمەتنى پىششىق، ئۈنۈملۈك ئىشلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

سوتسىيالىستىك كەسپىي ئەخلاق جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى يادرو قىلىدۇ. ئۇ سوتسىيالىستىك كەسپىي ئەخلاقنىڭ تۈپ تەلپى بولۇپلا قالماي، يەنە سوتسىيالىستىك كەسپىي ئەخلاق ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئالىي ئۆلچىمى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى تولۇق تەكىتلەپ، كۇتۇپخانا خىزمىتىدە «ئوقۇرمەنلەر ھەممىدىن ئەلا، مۇلازىمەت بىرىنچى» دېگەن ئۇقتىسىنەزەرنى پۇختا تۇرغۇزۇش، تۇرلۇك مۇلازىمەتلەرنىڭ ھەممىسىدە تېز، تولۇق، ىيىكى، توغرا بولۇشتەك يۇقىرى سەۋىيىنى يارىتىش لازىم.

21 ـ ئەسىر پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا بولغان ئېھتىياجى تېخىمۇ ئېشىپ بارىدىغان دەۋر بولىدۇ. شۇڭا ئەسىر ئاتلايدىغان كۇتۇپخانا خادىملىرى ئەسىر ئاتلايدىغان جاسارەت ۋە پاراسەتكە ئىگە بولۇشى، بىلىملىك، تالانتلىق، ئەخلاقلىق مۇلازىمەتچى بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن جان ـ دىل بىلەن خىزمەت قىلىشى كېرەك.

**جاۋابكار مۇھەررىر: مىجىت تاھىر**

# «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» ژۇرنىلىنىڭ 2000- يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز

«ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» ژۇرنىلى ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىنىدىغان ئۇنىۋېرسال سىياسىي نەزەرىيىۋى ژۇرنال. ژۇرنىلىمىز 1978- يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا، ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيىسى ساھەسىدە كەڭ تەسىرگە ئىگە. يېڭى ئەسىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە، ژۇرنىلىمىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش، «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئىدىيە، نەزەرىيە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، پارتىيە مەكتەپ مائارىپ ئىشلىرى ۋە كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ژۇرنال باشقۇرۇش مەقسىتىدە چىڭ تۇرىدۇ؛ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش ئۆگىنىش ئىستىلىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجادىي تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەرگە ئىلھام بېرىدۇ؛ كەڭ كىتابخانلارغا تېخىمۇ كۆپ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئىجتىمائىي پەن نادىر ئەسەرلىرىنى تەقدىم قىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خادىملارنىڭ، پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلار مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ، نەزەرىيە، تەشۋىقات خىزمەتچىلىرى، ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردىكى نەزەرىيە، ئوقۇتۇش، تەتقىقات خادىملىرىنىڭ مۇشتەرى بولۇشىنى، ماقالە ئەۋەتىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ژۇرنىلىمىز قوش ئايلىق ژۇرنال بولۇپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا نەشر قىلىنىدۇ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى پۈتۈن مەملىكەتكە ئاشكارا تارقىتىدۇ، جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر ئۆز ئورنىڭىزدىكى پوچتىخانىلاردا مۇشتەرى بولالمىغان ياكى مۇشتەرى بولۇش ۋاقتىنى قولدىن بېرىپ قويغان بولسىڭىز، تەھرىر بۆلۈمىمىزگە بىۋاسىتە پۇل ئېۋەتىپ قىلىپ مۇشتەرى بولسىڭىزمۇ بولىدۇ، پوچتا ھەققى ئېلىنمايدۇ.

«ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» (قوش ئايلىق ژۇرنال) 《实事求是》维吾尔文版（双月刊）
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى ISSN 1002 — 9249 国际标准刊号
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN 65 — 1002/D—W 全国统一刊号
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 97 — 58 邮发代号 باھاسى: 4.00 يۈەن 定价：4.00 元